# شىنجاڭ
# ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى

新疆社会科学研究

( ئەچكى ژۇرنال )

ئومۇمىي 77 - سان

1

1990

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى
新疆维吾尔自治区社会科学院

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە ........ چى ۋېنلى 1

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج قىلىش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىم ......
........................................................ ھاجى نۇرھاجى 14

ئۇيغۇرلاردا كالىندارچىلىق ........................ مەھمۇت زەيىدى 25

ئىلمىي ماقالىلەردىن تەرجىمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى ......
.................................................................... 31

مانى يېزىقىدىكى ۋە مانى يېزىقىدا تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يازما
يادىكارلىقلار ................................................ نىيۇ رۇجى 40

شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئاتالغۇلارغا ئىزاھ ........................ 43

ھىلاكۇخان ۋە ئابباسىلار خەلىپىلىكى ............ يۇسۇپجان ياسىن 48

مەسئۇل مۇھەررىر: ئابلەت نۇردۇن

# سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە ئۈستىدە مۇلاھىزە

چې ۋېنلى

سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك مەملىكەت. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا 280 مىليوندىن ئارتۇق ئاھالە، يۈزدىن ئارتۇق مىللەت بار. ئۇلار ئىچىدە رۇسلارنىڭ ئاھالىسى ئومۇمىي ئاھالىنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇكرائىن 43 مىليون، ئۆزبېك ئون نەچچە مىليون، بېلورۇس ئون نەچچە مىليون. بۇلاردىن باشقا، ئاھالىسى 1 مىليونغا يەتمەيدىغان چوڭراق مىللەتتىن 18 ى، ئاھالىسى ئازراق مىللەتتىن 80 ى بار.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىدا تۈرلۈك مۇرەككەپ ئىچكى تاشقى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، مىللىي مەسىلە كەسكىنلىشىپ كەتتى، نەتىجىدە «تالاپەت كېلىپ چىقتى، تۇرغۇن كىشىلەر مۇساپىرغا ئايلاندى، غايەت زور ماددىي زىيان پەيدا بولدى». سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى، 1989 - يىل 9 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى چاقىرىپ، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى مۇھاكىمە قىلدى ھەمدە «ھازىرقى شارائىتتا پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى» دېگەن تېمىدىكى تېزىسىنى ماقۇللاپ، مىللىي ئىناقسىزلىق پەيدا قىلغان ۋە مىللىي توقۇنۇش قوزغىغان ئۇنسۇرلارغا قايتۇرما زەربە بېرىشنى تەكىتلىدى. مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ بەزى مۇھىم سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلىگە دۇنيادىكى بەزى دۆلەتلەرنىڭ سىياسەتچىلىرى ۋە ئىلىم ساھەسىدىكى ئەربابلىرىمۇ بەك كۆڭۈل بۆلمەكتە. بۇ ماقالىدە مۇتەخەسسىسلەردىن، ئالىملاردىن تەلىم ئېلىش ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بەزى يۈزە قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويدۇم.

## 1. ۋەزىيەت كەسكىن

1986 - يىلى 12 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى ئالما - ئاتادا مىللىي توپىلاڭ يۈز بەرگەندى، شۇنىڭدىن بۇيان،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلە ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇشتۇمتۇت يۈز بېرىپلا
كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مۇنۇلاردىن ئىبارەت (1) داۋاملىشقان ۋاقىت
ئۇزۇن بولدى. 1986 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 1989 ـ يىل 10 ـ
ئاينىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، سوۋېت ئىتتىپا-
قىدا مىللىي مەسىلە تۈپەيلىدىن كەينى ـ كەينىدىن ئۇشتۇمتۇت ۋەقەلەر يۈز
بېرىپ كەلدى، بۇ ۋەقەلەر سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى-
نىڭ تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئەزەربەي-
جان تەۋەسىدىكى نىاگورنو ـ قاراباخ ئاپتونوم ئوبلاستىدا 70 مىڭ ئەرمەن
ناگورنو ـ قاراباخ ئوبلاستىنىڭ ئەرمەنىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئايرىپ بېرىلىشىنى
تەلەپ قىلىپ، 1986 ـ يىلى 7 ـ ئايدا س ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا خەت
يازغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردە مىللىي توقۇنۇش بارغانسېرى ئەۋج
ئېلىپ، ئىككى يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت داۋام قىلدى. (2) تەسىر كۆرسىتىش
دائىرىسى كەڭ بولدى. يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بۇيان، ئوتتۇرا ئاسىيا، بالتىق
دېڭىزى قىرغاقلىرى، تاشقى كاۋكاز قاتارلىق جايلاردىكى ئونغا يېقىن
جۇمھۇرىيەتتە مىللىي مەسىلە ۋەقەسى يۈز بېرىپ، كەڭ دائىرىگە يېيىلدى.
(3) توقۇنۇشنىڭ دائىرىسى كەڭ بولدى. خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، 1989 ـ
يىلى يازدا ئۆزبېكلەر بىلەن مېسخى تۈركلىرى ئوتتۇرىسىدا پەرغانىدە يۈز
بەرگەن مىللىي توقۇنۇش نەچچە يۈز كىشىنى تالاپەتكە ئۇچراتتى، ئۆلاردىن
ئۆلگەنلەر 103، «تەلۋە ئۇنسۇرلار» 754 كورپۇس ئۆينى، دۆلەتنىڭ 28 ئورۇن-
دىكى قورۇلۇشىنى، 275 ئاپتوموبىلنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە ۋەيران قىلىۋەتتى.
ئىچكى ئىشلار قىسىملىرى بۇ توپىلاڭنى تىنچىتىش جەريانىدا زەخمىلەندۈرگۈچ
قوراللارنى ئالتە قېتىم ئىشقا سېلىپ، 700 كىشىنى تۇتتى، ئون مىڭ دانە
مىلتىق غەنىيمەت ئالدى. 1988 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئەزەربەيجاننىڭ
پايتەختى باكۇنىڭ قېشىدىكى سۇمگايىت شەھىرىدە ئەزەربەيجانلار بىلەن
ئەرمەنلەر ئوتتۇرىسىدا ماجىرا تۇغۇلدى، بۇ ماجىرادا زوراۋانلىق ھەرىكىتى
يۈز بەرگەنلىكتىن، 32 ئادەم ئۆلدى، 197 ئادەم يارىدار بولدى، 12 ئايال
باسقۇنچىلىققا ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدىكى
زىددىيەت ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ كەتتى، ئىككى جۇمھۇرىيەت ئوتتۇرىسىدا يۈز
بەرگەن ماجىرا چېگرىنىڭ ھەممە يېرىگە يېيىلدى. ناگورنو ـ قاراباختا بار-
دىغان تاشيول 1989 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ باشلىرىغىچە قامال قىلىنغىلىق تۇردى.
«توقۇنۇش جەريانىدا ھەر كۈنى قانلىق ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇردى، ئۆيلەر

كۆيدۈرۈلۈپ تۇردى، ئاپتونومىيىلار بۇزۇلۇپ تۇردى.» «ئىنائىتسىزلىق توقۇنۇشقا قاتناشقان كىشىلەرنى بىر - بىرىگە دۈشمەنلەشتۈردى، ئەقىلدىن ئاداشتۇردى». «ساقچىلار قورال ئىشلىتىشكە مەجبۇر بولدى». «پۈتكۈل رايون ئىچكى ئۇرۇش گىردابىغا چۈشۈپ قالدى». (4) سىياسىي تۈس قويۇق بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىرىم رايونىدا ئولتۇرۇشلۇق تاتارلار ئەسلى يۇرتىغا قايتىپ مىللىي ئاپتونومىيىنى يېڭىباشتىن قۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ، 1987 - يىلى موسكۋادا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا جەم ئولتۇرۇۋېلىپ، نامايىش قىلىپ كۈچ كۆرسەتتى. 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 23 - كۈنى — سوۋېت - گېرمان شەرتنامىسى ئىمزالانغانلىقىنىڭ 48 - يىللىقى خاتىرىلىنىدىغان كۈنى بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى لاتۋىيە، لىتۋا، ئېستونىيىدىن ئىبارەت ئۈچ جۇمھۇرىيەتتىن نەچچە مىڭ كىشى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئەينى يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلگەن مەخپىي كېلىشىمنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئېلان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ كوچىغا چىقىپ نامايىش ئۆتكۈزدى. 1988 - يىلى لاتۋىيە بىلەن لىتۋادا نەچچە مىڭ كىشى ئىككى دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىق ئېلان قىلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن كوچىلارغا چىقىپ نامايىش قىلدى. 1988 - يىلى 10 - ئايدا، بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت «خەلق فرونتى» ناملىق تەشكىلات قۇردى، شۇ يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئېستونىيە ئالىي سوۋېتى شۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ماقۇللاپ، ئېستونىيىنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى مەلۇم ئەھۋاللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قانۇنىي ھۆججەتلىرىنى ۋە باشقا ھۆججەتلىرىنى ئىجرا قىلىشنى توختىتىدۇ دەپ جاكارلىدى. 1989 - يىل 4 - ئاينىڭ باشلىرىدا، گرۇزىيىنىڭ پايتەختى تبىلىسىدا نەچچە مىڭ كىشى گرۇزىيە سوۋېت ھاكىمىيىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، جۇمھۇرىيەت ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇشنى، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىدىن ئايرىلىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىپ، كەينى - كەينىدىن يىغىلىش ئۆتكۈزدى ۋە شوئار توۋلىدى. «گرۇزىيە مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى» نىڭ باشلىقى ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش پىلانىنى جاكارلىدى. 1989 - يىل 9 - ئايدا ئۇكرائىنىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىڭدىن ئارتۇق ۋەكىل كىيېۋتا يىغىن ئېچىپ، «ئۇكرائىنلار خەلق ئىسلاھاتىنى قولغا كەلتۈرۈش ھەرىكىتى» تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى، بەزىلىرى «بىز ھاكىمىيەتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك» دېيىشتى، سوۋېت ئىتتىپاقى قوراللىق كۈچلىرىنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ۋە ئۇكرائىنلار ئارمىيىسى قۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

بۇنىڭدىن س ك پ مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «بۇ ۋەزىيەت ئوڭشالمىسا، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ» دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، مىللىي مەسىلىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ناھايىتى زور ئىچكى مەسىلە بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

## 2. توقۇنۇشنىڭ سەۋەبى

سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ گەۋدىلىك بولۇپ قېلىشىدا، ھەتتا مىللىي توقۇنۇش، مالىمانچىلىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدا چوڭقۇر تارىخىي سەۋەبلەر ۋە مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ئامىللار بار. ئۇنىڭ ئاساسلىقلىرى مۇنۇلار:

(1) تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەر. سوۋېت ئىتتىپاقى ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت، ئۇ 15 ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت، 20 ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتتىن شۇنىڭدەك بەزى چېگرا رايون ۋە ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتلەردىن تەركىب تاپقان. تارىختىن قارىغاندا، سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللەتلەر مۇناسىۋىتى بىر قەدەر مۇرەككەپ. مەسىلەن، بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى رايونلار XVIII ئەسىردە روسىيىگە قوشۇلغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ روسىيىدىكى غەلىبىسى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ بالتىق دېڭىزى رايونلىرىدا قۇرۇلۇشىغا سەۋەب بولغان. ئەمما يەرلىك بۇرژۇئا مىللەتچىلىرى چەت ئەل ئارمىيىسىنىڭ ياردىمىگە يۆلىنىپ، بۇرژۇئا دىكتاتۇرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان. بالتىق دېڭىزى قىرغىقىدىكى رايونلاردا لىتۋا، ئېستونىيە ۋە لاتۋىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت 1940 - يىلىغا كەلگەندە ئاندىن سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن. بۇرژۇئا مىللەتچى كۈچلىرىنىڭ قالدۇقلىرى بۇ يەردە مەلۇم تەسىرگە ئىگە ئىدى. بەزى كىشىلەرنىڭ «مۇستەقىللىق» شوئارىنى توۋلىشى تاسادىپىي ئەمەس، يەنە ناگورنو - قاراباخ ئوبلاستىنىڭ مەسىلىسىنى ئېلىپ ئېيتساق، تارىختا شۇ زېمىن توغرىسىدىكى تالاش - تارتىش ئەزەربەيجانلار بىلەن ئەرمەنلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىناقسىزلىقنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئامىل بولۇپ قالغان. بۇ ئىككى مىللەت ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئەمدىلا غەلىبە قازانغان كۈنلەردە ئەزەربەيجاندىكى مۇساۋات پارتىيىسى بىلەن ئەرمەنىستاندىكى داشناق پارتىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى بۇرژۇئا پارتىيىسى بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى مەيدانىنى ئاساس قىلىپ، داۋاملىق تۈردە ناگورنو-قاراباخ مەسىلىسىدىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئىناقسىزلىق، مىللىي قارىمۇ-

قارشىلىق پەيدا قىلدى. بۇ ھال سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ناگورنو - قاراباغ
رايونىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا قارىتا ناھايىتى زور قىيىنچىلىق
تۇغدۇردى. ر ك پ (ب) مەركىزىي كومىتېتى كاۋكاز بيۇروسىنىڭ 1921 - يىلى
7 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىكى يىغىنىدا ناگورنو - قاراباغنى ئەرمەنىستانغا قالدۇ-
رۇش توغرىسىدا قارار چىقىرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا بەزىلەر قارشى
چىققانىدى. ئەتىسى كاۋكاز بيۇروسى ستالىننىڭ تەلىپىگە بىنائەن، بۇ قارارنى
قايتىدىن مۇزاكىرە قىلىپ، ئەزەربەيجاننىڭ سانائەت جەھەتتە بىر قەدەر
تەرەققىي قىلغانلىقىنى، ئاھالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئاسان بولىدىغانلىقىنى
نەزەرگە ئېلىپ، «ئاز سانلىق مىللەت رايونىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىنى
تېز راۋاجلاندۇرۇشقا ۋە خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى تېخىمۇ تېز ئۆستۈرۈشكە
پايدا يەتكۈزۈش» پرىنسىپىغا ئاساسلىنىپ، ناگورنو - قاراباغ رايونىنى ئەزەر-
بەيجانغا ئايرىپ بېرىشنى قارار قىلدى. 1923 - يىلى 7 - ئايدا، ئەزەربەيجان
بۇ رايوندا ناگورنو -قاراباغ ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشنى قارار قىلدى. ناگور-
نو - قاراباغ رايونىدا 40 نەچچە مىللەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى 70 پىر-
سەنتتىن ئارتۇقراق ئاھالىنى ئەرمەنلەر تەشكىل قىلىدۇ. ئۇ يەردىكى ئاھالى-
نىڭ كۆپچىلىكى خىرىستىيان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ، ئۇلار مەدەنىيەت، ئەنئەن-
ۋى ئادەت ۋە مىللىي تىل جەھەتتە ئەرمەنلەر بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، ئەمما
ناگورنو - قاراباغ جۇغراپىيىلىك مۇھىت جەھەتتە ئەرمەنىستان بىلەن چېگرى-
داش ئەمەس ئىدى، بەلكى ئەزەربەيجاننىڭ پايتەختى باكۇغا تۇتاش ئىدى.
ناگورنو - قاراباغ ئەزەربەيجانغا ئايرىپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى
ئەرمەنلەر بۇنى «مىللىي ئادالەتسىزلىك» دەپ قاراپ، ئۇ يەرنىڭ قايتى-
دىن ئەرمەنىستان جۇمھۇرىيىتىگە ئايرىپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلدى. بۇنىڭدىن
مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، تارىختىن قېپقالغان مەسىلىلەردىن قارىغاندا، سوۋېت
ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە بۇرژۇئا مىللەتچىلىكى ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى
مۇ بار، كىشىلەرنىڭ مىللىي ھېسسىياتىغا، مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ياتىدىغان
مەسىلىلەر شۇنىڭدەك بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرمۇ بار. ئەھۋال خېلى مۇرەككەپ،
«ئالاھىدە چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ».

(2) مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش يېتەرلىك بولمىغان. كۆپ
مىللەتلىك دۆلەتتە مىللىي رايونلاردىكى مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا ھەقىقىي يوسۇندا
ھۆرمەت قىلىش، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشقا تولۇق دىققەت
قىلىش ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بۇيان-

قى ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ئۇلارنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مۇۋەپپەقىيىتى دۇنيانىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدۇ. ئەمما ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدا كۆرۈنەرلىك ئىللەتلەر ساقلانماقتا. يېنىك سانائەت بىلەن ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى ئانچە تەڭشەلمەي كېلىۋاتىدۇ. خەلقنىڭ زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرىغا بولغان ئېھتىياجى قاندۇرۇلمايۋاتىدۇ. بولۇپمۇ بەزى مىللىي رايونلاردا مىللىي ئالاھىدىلىككە ۋە يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھوقۇقىغا سەل قارىلىۋاتىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاستا بولۇۋاتىدۇ. مانا بۇ مىللەتلەرنىڭ نارازىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مۇھىم ئامىلدۇر. مەسىلەن، 1970 - يىلىدىن 1986 - يىلىغىچە بېلورۇسىيىدە ئىجتىمائىي ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئۆسۈش سۈرئىتى قازاقىستان بىلەن تاجىكىستانىڭكىدىن تۆت ھەسسە يۇقىرى بولغان، ئۇكرائىنانىڭكىدىن 2.5 ھەسسە يۇقىرى بولغان. 1970 - يىلى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىشقا ئورۇنلاشقان ھەر بىر كىشىنىڭ ئىشلەپچىقارغان مىللىي دارامەتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىنىڭ 83% گىلا يەتكەن، ھازىر 66% كە چۈشۈپ قالغان. ھازىر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي دارامەتى پۈتۈن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭكىنىڭ ئاران 52% ىگە توغرا كېلىدۇ. ناگورنو - قاراباخ مىللىي توقۇنۇشى شۇ ئوبلاستقا سېلىنغان قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ ئاز بولۇپ قالغانلىقى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقى، مىللىي ھوقۇقىنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى، ئەرمەنلەر بىلەن ئەزەربەيجانلىقلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان زىتلىشىپ كەلگەنلىكى تۈپەيلىدىن پارتلىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۆتكەن نەچچە ئون يىللىق مىللىي خىزمەت جەھەتتە داۋام قىلىپ كەلگەن «سول» چىلىقنىڭ تەسىرىنى ئەستايىدىل تازىلاپ، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مىللىي ھوقۇقىغا ۋە مىللىي ھېسسىياتىغا ھۆرمەت قىلىش، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئېتىبار بېرىش پەۋقۇلئاددە مۇھىم خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

(3) پارتىيە ئىستىلى توغرا بولمىغان. سوتسىيالىستىك دۆلەتتە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى پارتىيىنىڭ ھايات - ماماتىغا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە، شۇنداقلا مىللىي جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرۇش - ئاشۇرالماسلىققا بېرىپ تاقىلىدىغان چوڭ مەسىلە. س ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1987 - يىلى يازدا چىقارغان «قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى پارتىيە تەشكىلاتىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە مىللەت تەربىيىسى ۋە ئەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىش خىزمىتى توغرىسىدىكى قارارى» دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن:

قازاقىستان پارتىيە تەشكىلاتى «ھەدەپ ھەشەمەتچىلىك. خۇشامەتچىلىك قىلدى، نەتىجىسنى مۇبالىغە قىلدى»؛ «رەھبەرلىك ئورنىغا ئادەم تاللاش ۋە ئۆستۈرۈشتە تاللانغۇچىنىڭ سىياسىي پوزىتسىيىسىنى، كەسپىي سەۋىيىسىنى ۋە ئەخلاق - پەزىلىتىنى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان نەرسە دەپ قارىماي، مىللىي تەركىبىنى، ئۇرۇقداشلىقىنى ۋە يۇرتداشلىقىنى شۇنىڭدەك شەخسكە سادىق بولغان - بولمىغانلىقىنى ئاساس قىلدى. گۇرۇھۋازلىق ۋە نەپسانىيەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكتىن، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى، ئىقتىسادىي تارماقلاردىكى، پەن تەتقىقاتى ئاپپاراتلىرىدىكى ۋە مەكتەپلەردىكى بىر مۇنچە ھالقىلىق ۋەزىپىلەر مەنسەپ مەستانىلىرىنىڭ، قاقۋاشلارنىڭ، تەخسىكەشلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتتى. بىر قىسىم كادىرلار بۇزۇلۇپ كەتتى»؛ قونايېۋنىڭ خىزمەت ئىستىلىدا سۇبيېكتىپچىلىق بىلەن ئىش قىلىش، كوللېكتىپ رەھبەرلىك تۈزۈمىنى بۇزۇش، خۇشامەتچىلىك - كۆپپاكچىلىققا ئىلھام بېرىش، ئائىلە باشلىقلىق، مۇستەبىتلىكنى يولغا قويۇش قاتارلىق مەسىلىلەر مەۋجۇت. ئۇنىڭ يېنىدىكىلەرنىڭ بىر مۇنچىسى خىزمەت ھوقۇقىدىن كەلسە - كەلمەس پايدىلىنىپ، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتقان». بىر مىللىي جۇمھۇرىيەتتە پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئىستىلى، تەشكىلىي ئىستىلى، خىزمەت ئىستىلى شۇ قەدەر چىرىكلىشىپ كەتكەنىكەن، «پاسسىپ ھادىسىلەرنىڭ يىغىلىۋېرىشى» بىلەن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىشى، مىللىي ماجرانى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

(4) مىللىي ئىدېئولوگىيە كۈچىيىپ كەتكەن. سوتسىيالىزم دەۋرى مىللەتلەر يوقىلىدىغان دەۋر ئەمەس، مىللەتلەر گۈللىنىدىغان دەۋر. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 70 نەچچە يىلدىن بۇيان، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ كەلدى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆسۈپ كەلدى، ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىچىدىن نۇرغۇن زىيالىيلار ۋە ھەر خىل ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملار يېتىشتۈرۈلدى، بۇ ھال رىقابەت ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مىللىي ئىدېئولوگىيىمۇ ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. مىللىي ئىدېئولوگىيىنىڭ كۈچىيىشى مىللىي ئويغىنىشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ مىللىي ھاياتىي كۈچنى ئۇرغۇتۇشتا، شۈبھىسىزكى، ئىلغارلىق ئەھمىيەتكە ئىگە، ئەمما، كۆپ مىللەتلىك بىر مەملىكەتتە، مىللىي ئىدېئولوگىيە ۋاقتىدا يېتەكلەنمىسە، چوڭ مىللەتچىلىك ياكى يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيىسى ئۆسۈپ

قىلىپ، مىللىي مۇناسىۋەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ قالىدۇ، ھەتتا س ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى توغرىلىق «جۇمھۇرىيەتتە مىللىي بىكىنمىچىلىك خاھىشى ئۆسۈپ قالدى، باشقا جۇمھۇرىيەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىمۇ ئازىيىپ قالدى» دەپ كۆرسەتكىنىدەك، مىللىي بىكىنمىچىلىك خاھىشى ئۆسۈپ قالىدۇ. بەزى كىشىلەر دەل ئاشۇنداق مىللىي بىكىنمىچىلىك خاھىشىدىن پايدىلىنىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا نىزا پەيدا قىلىدۇ، مىللىي ھېسسىياتنى رىغبەتلەندۈرىدۇ، چاتاق تۇغدۇرىدۇ.

(5) ئىسلاھاتقا قارشى كۈچلەرنىڭ قۇترىتىقۇلۇقى. ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ ستراتېگىيىلىك تەدبىرى، بىر قېتىملىق چوڭقۇر ئىنقىلاب. گورباچېۋ ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىشنى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدىن باشلاپ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاش، خادىملارنى ئازايتىش، چېرىكلەشكەنلەرنى جازالاش، ئىمتىيازنى بىكار قىلىش، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلالمايدىغان بەزى رەھبەرىي خادىملارنى يەڭگۈشلەش قاتارلىق بىر قاتار مۇھىم تەدبىرلەرنى قوللاندى. بۇ تەدبىرلەرنىڭ ھەممىسى مۇقەررەر ھالدا «تەييارغا ھەييار بولغۇچى» لارنىڭ ھوقۇقىغا، مەرتىۋىسىگە ۋە مەنپەئىتىگە زىيان يەتكۈزەتتى، ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى ۋە قارشىلىقىنى قوزغايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنىڭ ئۈنۈمى ئانچە كۆرۈنەرلىك بولمىدى، ئىستېمال بازىرىنىڭ ئەھۋالى ناچار بولدى، «تەييارغا ھەييار بولغۇچىلار» نىڭ بەزىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مىللىي ئىناقسىزلىقنى پەيدا قىلدى، مىللىي توپىلاڭ چىقاردى. 1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى گورباچېۋ سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسەتچىلىكىنىڭ ناگورنو - قاراباخ ئوبلاستى مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىنىدىغان يىغىنىدا: تۇرغۇنلۇق مەزگىلىدە «نەپ ئېلىپ كەلگەن كونسېرۋاتىپلار بىلەن خىيانەتچىلەر، پارىخورلار» ئىسلاھاتقا قارشى تۇرۇش كەيپىياتىدا بولدى، ناگورنو - قاراباخ ۋەقەسىدىن پايدىلىنىپ، «پۇرسەتپەرەسلىك قىلىپ»، «ئىنقىلابىي تەرتىپنى ئاجىزلىتىش» مەقسىتىدە «ئوت قاشلىق قىلىپ، توپىلاڭ پەيدا قىلدى» دېدى.

(6) سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوتسىيالىزمغا قارشى سۆزلەرنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن يامان تەسىرى. ھازىر بەزى سوتسىيالىستىك دۆلەت-

لەرنىڭ كومپارتىيىلىرى ئىچىدە خەلقئارادىكى چوڭ كىلىمات ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى كىچىك كىلىمات تۈپەيلىدىن، بەزى «تەلۋە ئىسلاھاتچىلار» چىقىپ، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش «خام خىيالدىنلا ئىبارەت» دەپ قارىدى، سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتتى، غەرب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ ئۇسۇلى بويىچە پارتىيىنى ئۆزگەرتمەكچى، سوتسىيالىزمنى «تولۇقلىماقچى» بولدى. بۇنداق يېڭى ئېقىمنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا كەلتۈرگەن زىيىنى ئىنتايىن زور بولدى، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىگە كۆرسەتكەن ناچار تەسىرىمۇ خېلى چوڭ بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىمۇ بەزى كىشىلەر «ئىسلاھات» بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، سوتسىيالىزمغا قارشى گەپ-سۆزلەرنى تارقاتتى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1989-يىلى 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا چاقىرىلغان س ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا 37 كىشى گورباچېۋنىڭ مىللىي سىياسەت توغرىسىدىكى دوكلاتى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ۋە پارتىيىنىڭ بىرلىكىنى ھىمايە قىلىشنى تەكىتلىگەن، رەڭگارەڭ مىللەتچىلەر بىلەن، شوۋىنىزمچىلار بىلەن، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى سۆز-ھەرىكەتلەر بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشنى چاقىرىق قىلغان. بۇنىڭدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، سوتسىيالىزمغا قارشى سۆز ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن مىللەتچىلىكنىڭ، شوۋىنىزمنىڭ ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. گورباچېۋ 1989-يىل 9-ئاينىڭ 21-كۈنىمۇ «كىمكى پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىدىكەن، شۇ ئىسلاھاتقا ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىققا بۇزغۇنچىلىق قىلغان بولىدۇ» دەپ تەكىتلىدى. ئۆتكەن يىل 9-ئاينىڭ باشلىرىدا س ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېتنىڭ شۇجىسى يېگورلىگاچېۋ بىر قېتىملىق سۆزىدە: «ئىسلاھاتنى پارتىيىمۇ، خەلقىمۇ تەشەببۇس قىلىدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي باشقىچە ئىسلاھات چۈشەنچىسىدە بولۇۋاتقان، يەنى سوتسىيالىزمنى ۋەيران قىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ياۋۇز مەقسىتىگە يېتىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن بىر قىسىم كۈچلەر بار» دېدى. ئۇ يەنە: «رەڭگارەڭ مىللەتچىلەر ۋە بۆلگۈنچىلەر رەھبەرلىكنى پارچىلاش ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن غالجىرلىق بىلەن ھەرىكەت قىلماقتا» دەپ كۆرسەتتى.

(7) چەت ئەللەردىكى سوۋېتكە قارشى كۈچلەرنىڭ قۇترىتقۇلۇقى ۋە مەدەتكارلىقى. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پاش قىلىپ قويۇشىچە، «جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ۋە چەت ئەللەردىكى سوۋېتكە قارشى مەركەزلەر» سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللەتچى ئۇيۇشمىلارنى «پائال ھەرىكەت

قىلىش» قا «ھەدەپ قۇترىتىش» بىلەنلا قالماي، بەلكى «بىۋاسىتە ئوتتۇرىغا چىقىپ»، «مىللىي ئۆچمەنلىك ۋە مىللىي ماجىرانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەرنى قوزغىغان». خەۋەرلەرگە قارىغاندا، 1987 - يىلى يازدا غەرب ئەللىرىنىڭ بىر مۇنچە رادىئو ئىستانسىلىرى «لاتۋىيانلار بىلەن لىتۋانلارنىڭ كۈچ كۆرسىتىش نامايىشىغا قاتنىشىشى» نى مۇراجىئەت قىلغان. 1988 - يىلى 2 - ئايدا، ناگورنو - قاراباغ ئوبلاستىدا يۈز بەرگەن مىللىي توقۇنۇشنى «مىللىي بۆلگۈنچى ئۇنسۇرلار» بىلەن چەت ئەللەردىكى «سوۋېتكە قارشى تەشكىلاتلار»، «پۇختىلىق بىلەن پىلانلاپ پەيدا قىلغان.»

(8) ئاشكارا سىياسەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنى گەپ قىلىش شارائىتى بىلەن تەمىنلىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئامىنىڭ پىكرىنى بېسىپ، ھەر مىللەت خەلقىنى ئۆزلىرىنىڭ رېئاللىققا نارازى ئىكەنلىكى توغرىسىدا گەپ قىلالمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. گورباچېۋ ئاشكارا سىياسەت يولغا قويۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقلىرىنى ئىپادىلەش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن خىلمۇ خىل مۇرەككەپ ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئاشكارىلاندى. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئەرمەنىستان ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ رەئىسى ۋوسكانىيانىنىڭ 1988 - يىل 7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتى ھەيئەت رىياسەتنىڭ يىغىنىدا «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، دېموكراتىيىلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغان ۋە سىياسەت ئاشكارىلانغان شارائىتتىلا، كىشىلەر ستالىن ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدە سۆزلەش ئىمكانىيىتى زادىلا بولمىغان تۇرغۇنلۇق دەۋرىدە سۆزلەش مەنئى قىلىنغان نەرسىلەرنى سۆزلىيەلەيدىغان بولدى، مەسىلەن، ناگورنو - قاراباغ ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى ئەرمەن ئاھالىلىرى ئاخىر يەنە قوزغىلىپ ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى ئوتتۇرىغا قويالىدى» دېگىنىدەك، بەزى مىللەتلەر ئىسلاھات ئارقىلىق مىللىي سىياسەتنىڭ تەڭشىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، «ئادىل» تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالايدىغان بولدى. ئەمما چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيە ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىۋى ئېقىمى سوۋېت ئىتتىپاقىدا بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئاساسقا ئىگە بولغانلىقتىن، بىر مىللەتنىڭ تەلىپى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزدى، مىللىي توقۇنۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەملىكەت ئىچىدىكى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەن كۈچلەرنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى مىللىي زىددىيەتنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولدى.

## 3. بەزى قاراشلىرىم

سوۋېت ئىتتىپاقى ھەققىدىكى يۇقىرىقى تەھلىلگە ئاساسەن، مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىنى ئېتىبار بىلەن تەتقىق قىلىش لازىم دەيدىغان قاراشقا كەلدىم:

(1) سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ كېتەمدۇ، يوق؟ سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي زىددىيەت كۈچىيىپ كەتكەن، مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن ئەھۋالدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بەزىلىرى «مۇستەقىللىق» ئېلان قىلىپ، بۆلۈنۈپ چىقىپ كېتەرمۇ؟ بۇ يەردە ئىككى خىل مۇمكىنچىلىك بار. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي زىددىيەتنىڭ كۈچىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، مىللىي توقۇنۇشنىڭ كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قارىغاندا، پارچىلىنىش ئېھتىمالى باردەكمۇ تۇرىدۇ. ئەمما مەن، سوۋېت ئىتتىپاقىدا پارچىلىنىش ۋەزىيىتى يۈز بەرمەس دەپ قارايمەن، چۈنكى بىرىنچىدىن، ھازىرقى خەلقئارا ۋەزىيەت، ئومۇمىي جەھەتتىن، جىددىيلىكتىن پەسىيىشكە، ئانتاگونىزمدىن سۆھبەتكە يۈزلەنمەكتە. ئىچكى - تاشقى دۈشمەن كۈچلەر مىللىي مەسىلىدىن پايدىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنى پارچىلاشقا ئۇرۇنۇپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ ئومۇمىي ھالىتى ۋە يۈزلىنىشى ئۆزگەرگىنى يوق. ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيا بويىچە تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت، 70 يىللىق تارىخقا ئىگە. لېنىننىڭ بايرىقى ئاستىدا، ھەر قايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ ياشاش مۇناسىۋىتى ئورنىتىلغان، بۆلۈنۈش ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋە ئارزۇسىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ، ئۈچىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا ناھايىتى تەمكىن پوزىتسىيە تۇتتى، ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بەردى.

(2) سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مەسىلە باشتىن ئاخىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ئاددىي ساۋات. ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ رېئال ئەھۋالىدىن قارىغاندا، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتتە مىللىي مەسىلە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇلا ئەمەس، بەزى ۋاقىتلاردا، شىددەتلىك، ئۇزاققىچە سوزۇلىدىغان مىللىي توقۇنۇش يۈز بېرىپ، ناھايىتى زور، تولدۇرۇپ بولمايدىغان زىيانلارنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھەقتە قانلىق ئاچچىق ساۋاقلار بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مىللىي مەسىلىگە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە مىللىي مەسىلىنى ئەمەلىي تەدبىر قوللىنىپ ۋاقتىدا ھەل قىلىش

www.uyghurkitap.com

لازىم. بىرىنچىدىن، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا ھەر قايسى مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگە لايىقىدا ئېتىبار بېرىش لازىم. مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت جەھەتتىكى پەرقىنى چوڭايتىۋېتىش مىللىي نارازىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنبە. شۇڭا ئىقتىسادىي جەھەتتە، مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان مىللەتنىڭ يۈكسەك سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلىشىغا، مىللىي پەرقنىڭ ئۈزلۈكسىز كىچىكلىشىگە سىياسەت جەھەتتىن، تەدبىر جەھەتتىن ياردەم بېرىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى تەربىيەنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. كادىرلارنى، ئاممىنى، بولۇپمۇ مىللىي يولباشچىلارنى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللەت قارىشى بىلەن تەربىيىلەش پەۋقۇلئاددە مۇھىم. ئۈچىنچىدىن، مىللەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش ھەمدە بۇنداق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىش لازىم. تۆتىنچىدىن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە مەۋجۇت بولۇپ قالماي، بەزىدە كەسكىنلىشىپ قالماي، بەلكى مىللىي مەسىلىدىمۇ ئەكس ئېتىدۇ. بۇنىڭغا پەخەس بولۇش لازىم. ئەمما خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈش، مىللىي ھېسسىيات، مىللىي ئاڭ بىلەن شوۋىنىزمنىڭ، مىللەتچىلىكنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم. مىللەتنىڭ مۇۋاپىق تەلىپى بىلەن مىللەتنى ۋەقە تۇغدۇرۇشقا قۇترىتىشنىڭ چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم.

(3) پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتىكى مۇھىم ئەھمىيىتى. سوتسىيالىستىك مەملىكەتتە ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئىستىلى مەسىلىسى مىللىي مەسىلىگە بىۋاسىتە، مۇھىم تەسىر كۆرسىتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مىللىي مەسىلە، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، رەھبەرلىك مەسىلىسى، چاتاق پارتىيە ئىچىدىن چىققان. شۇنىڭ ئۈچۈن، مىللىي رايونلاردا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ئېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش لازىم. پرولېتارىيات پارتىيىسى مىللەت ئايرىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەريانىدا ماركسىزم-لېنىنىزملىق مىللەت قارىشى توغرىسىدىكى تەربىيەنى مۇھىم مەزمۇنلارنىڭ بىرى قىلىش لازىم. ھەر قايسى مىللەتتىن بولغان پارتىيە ئەزالىرىغا شۇنى بىلدۈرۈش لازىمكى، پارتىيە پرولېتارىياتنىڭ ئىلغار كىشىلىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ، ئۇلار قايسى بىر مىللەتنىڭ ۋەكىلى بولماستىن، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنىڭ سادىق قوغدىغۇ-

چىقىرىدۇ. مىللىي رايونلاردا خىزمەت ئىشلەيدىغان پارتىيىلىك كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبەرىي كادىرلار ئادىل، پاك - دىيانەتلىك، ئاكتىپ، ساغلام بولۇپ، پۈتۈن نىيىتى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىگە ھەقىقىي ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشى لازىم. ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان چىرىك ئۇنسۇرلارنى، قايسى مىللەتتىن بولۇشىغا قارىماي، قەتئىي تازىلىۋېتىش لازىم. پارتىيە ئىستىلى دۇرۇس بولسىلا، پارتىيە قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلسىلا، پارتىيىنىڭ ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدىكى چاقىرىق كۈچىنى ئاشۇرغىلى، مىللىي سۈركىلىشنى ئازايتقىلى، مىللىي ئوقۇشماسلىقنىمۇ خېلى ئاسان ھەل قىلغىلى بولىدۇ.

(4) مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. مىللەت بولىدىكەن، مىللىي مەسىلە بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدا مىللىي مەسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كەتكەنلىكى مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەي، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى پارتىيە تەشكىلاتىغا، ھەتتا پارتىيىنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرىگە تايىنىپلا قارار قىلغانلىق بىلەن زور دەرىجىدە مۇناسىۋەتلىك. بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدىكى، كۆپ مىللەتلىك سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىدە مىللىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى تەسىس قىلىش ئىنتايىن زۆرۈر. بىر تەرەپتىن، بۇنداق ئاپپاراتلار ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ئەھۋالنى چۈشىنىپ، مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، مىللىي زىددىيەتنى يېشىپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ تۇرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدىكى چوڭ - چوڭ مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان چاغدا، بۇنداق ئاپپاراتلار تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مەسلىھەتچى بولۇپ، تەدبىرلەرنى ئىجرا قىلىدۇ. س ك پ مەركىزىي كومىتېتى س ك پ مەركىزىي كومىتېتى سىياسەت كومىتېتى تەسىس قىلدى ھەمدە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەردە مۇناسىپ ھالدا شۇنداق ئاپپاراتلارنى تەسىس قىلدى، بۇنداق قىلىش راستلا زۆرۈر ئىدى.

(5) سوتسىيالىزم بولمايدىكەن، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتمۇ بولمايدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر ئۆتمۈشتە ئۇزاق زامان بېسىمغا ئۇچرىغان، ھەر مىللەت خەلقى دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلگەن. كېيىنكى ۋاقىتلاردا «ئاشكارا سىياسەت» يولغا قويۇلغان ئەھۋال ئاستىدا ئۇشتۇمتۇت پارتلىغان، بۇنىڭدىن بېسىمنىڭ نەتىجىسىنىڭ

(داۋامى 15 - بەتتە)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج قىلىش داۋامىدا ھېس قىلغانلىرىم

ھاجى نۇرھاجى

I

«دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى» («رابىتتۇلئالەم ئىسلامى») نىڭ تەكلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تەستىقى، ئاكادېمىيە رەھبەرلىكىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى بىلەن، مەن ھەجگە بېرىش ئۈچۈن 1989 يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى بېيجىڭغا بېرىپ 30 ـ چىسلاغىچە چېگرادىن چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىردىم. 30 ـ چىسلا ئايروپىلان بىلەن پاكىستانغا بېرىپ، 7 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ پاكىستاندىكى ئەلچىخانىسى ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدىم. 7 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پاكىستاندىن يولغا چىقىپ ئېھرام باغلاپ، شۇ كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جىددە شەھىرىگە باردىم. جىددە شەھىرىدە ئېھرام كىيىمى بىلەن مەككە شەھىرىدىن 7 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى «مىنا مېھمانخانىسى» غا ئورۇنلاشتىم.

«مىنا مېھمانخانىسى» دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەردىن ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن كەلگەنلەر ۋە ھەر قايسى ئەللەر ئەۋەتكەن ھەج ئۆمەكلىرى چۈشىدىغان مېھمانخانا ئىكەن. مەن مېھمانخانىغا ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، «جۇڭگو ھەج ئۆمىكى» دىكىلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىش پائالىيىتىگە قاتناشتىم.

ھەج قىلىش ــ مۇسۇلمانلارنىڭ بەش پەرھىزىنىڭ بىرى. «قۇرئان» دا ھەج قىلىشقا ئىمكانىيىتى بار مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كېلىشى دالالەت قىلىنىدۇ. مەككە مۇكەررەمدىكى بۇ يىلقى ھەج پائالىيىتى 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى (زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى) باشلاندى. ھەج قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن مەسچىت ھەرەمگە بېرىپ بەيتۇللانى تاۋاپ قىلدۇق. «ھەج» مۇراسىمى ئاياغلاشقاندىن كېيىن كەبە بەيتۇللانىڭ يېنىدىكى جايغا كېلىپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدۇق. ئاندىن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلغاچ مەسچىتكە كىرىپ زەمزەم

سۈيىنى ئىچتۇق. مىناغا (ئاراپاتقا شۇنىڭ بىلەن بىر كۈنلۈك ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشتى. ئەتىسى 7 كىلومېتىر كېلىدىكەن) چىقىپ ئۇ جايدا كۈن ئولتۇرغىچە قۇرئان ئوقۇپ ئىبادەت قىلدۇق ۋە ئاراپاتتا پېشىن نامىزى بىلەن ئەسىرنى قوشۇپ قەسىر قىلىپ، بىرئەزان، ئىككى تەكبىر بىلەن نامازنى ئاخىرلاشتۇردۇق. شۇ كېچىسى مۇزدەلىپە (ئاراپات بىلەن مىنا ئارىلىقىدىكى بىر ئۆزلەڭلىك) كە كېلىپ ئۇ جايدا بىر كېچە تۈنىدۇق. شەيتانغا تاش ئېتىش ئۈچۈن، بۇ جايدىن 70 تال تاش تېرىپ تاڭ ئاتقاندا مىناغا كەلدۇق. مىنادا ئۈچ تاش تۈۋرۈك بولۇپ ھەر بىرى بىر شەيتانغا ۋەكىللىك قىلىدىكەن. ھەر بىر شەيتانغا «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ تەكبىر ئېيتىپ، يەتتە قېتىمدىن تاش ئاتتۇق. شەيتانغا تاش ئېتىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ھەج قىلغۇچىلار «ئېھرام» كىيىمىنى سېلىۋېتىپ، يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ قۇربانلىق قىلىدىكەن. ئاخىردا ھەرەمگە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ، كەبىنى يەتتە قېتىم، سافا مەرۋىنى يەتتە قېتىم ئايلىنىدىكەنمىز. شۇنىڭدىن كېيىن چېچىمىزنى ئالدۇرىدىكەنمىز.

بىز مەككە مۇكەررەمدىكى زىيارەتنى تۈگەتكەندىن كېيىن، مەدىنىدە بىر كۈن تۇرۇپ جانابى رەسۇلۇللانىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىپ ئاندىن مىناغا قايتىپ كەلدۇق.

1989 - يىلدىكى ھەج پائالىيىتىگە 63 دۆلەتتىن بىر يېرىم مىليوندىن كۆپرەك مۇسۇلمان كەپتۇ. ھەج پائالىيىتى كۈنلىرىدە تېمپېراتۇرا 54 — 53 گرادۇسقا

---

پارتىلاشتىن ئىبارەت بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىلى بولىدۇ. نورمال سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈمۇش بولمايدىكەن، نورمال سوتسىيالىستىك مىللەت مۇناسىۋىتىمۇ بولمايدىغانلىقىنى بەلگىلىلى بولىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇشتا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم مەزمۇنلاردىن بىرى قىلىش كېرەك. ئەمما بىر خىل خاھىشنىڭ يەنە بىر خىل خاھىشنى پەردىلەپ قويۇشىدىن ساقلىنىش لازىم. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى راۋاجلاندۇرۇشتا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش، «بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مىللەت، دىن، تىل ۋە ئولتۇراقلىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقىنى باھانە قىلىپ، يەنە بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ھوقۇقىنى چەكلىشىگە يول قويماسلىق لازىم.»

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىللىق 3 - سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

تەرجىمە قىلغۇچى: زايىت رەھىم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۆرلەپ، ناھايىتى بەك ئىسسىق بولدى. سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ھەج قىلغۇچىلارنى ياخشى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، مەملىكەت بويىچە 15 كۈن ئىش توختىتىپ بىر يېرىم مىليون كىشى سىغقىدەك چېدىر قۇرۇپتۇ. چېدىرلارغا شامالدۇرغۇچ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. چېدىر ئاستىغا گىلەم سېلىپتۇ. سوغاق ئىچىملىكلەرنى ھازىرلاپتۇ. مىنا مېھمانخانىسى 1989 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن ئالىم، ئۆلىما، مۇتەخەسسىس ۋە دىنىي ئەربابلاردىن مىڭدىن ئارتۇق كىشىنى كۈتۈۋاپتۇ. مەن بۇ مېھمانخانىدا بۇلغارىيىدىن تەكلىپ قىلىنغان تۆت تۈرك بىلەن بىر ياتاقتا ياتتىم. بىز تۈركچە سۆزلەشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈر ئىسمايىل ئىسىملىك بىرسى دىنىي ئىشلار ئىدارىسىنىڭ مۇپتىسى، قالغانلىرى بىلىملىك زىيالىيلار ئىكەن. تۆمۈر مۇپتى مېنىڭ جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن كەلگەنلىكىمنى بىلىپ مېنىڭدىن شىنجاڭغا دائىر ئەھۋاللارنى سورىدى. ئۇ شىنجاڭدا 8 مىليون مۇسۇلمان، 20 - 17 مىڭدەك مەسچىت بارلىقىنى ئۇقۇپ كۆزىگە ياش ئېلىپ تۇرۇپ «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىگە بارىكاللا. بىزنىڭ بۇرۇنقى مەسچىتلىرىمىز تاقىۋېتىلگەن، يېڭى مەسچىت سېلىش توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشقا يول قويۇلمايدۇ» دېدى. ئۇ يەنە بۇلغارىيىدە 3 مىليون تۈرك بارلىقىنى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ 1989- يىل 5 — 6- ئايلاردا 350 مىڭچە تۈرك تۈركىيىگە بېرىپ ئورۇنلاشقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

1989- يىل سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۆزبېك، تاتار، ئۇيغۇر، ئەزەربەيجان تۆت مىللەتتىن 12 كىشى ھەج قىلىشقا بېرىپتۇ، ئۇلار ئاساسەن ياشلار، ئەمەلدا ئىماملىققا تەيىنلەنگەنلەر ئىكەن. مەن ئۆزبېكىستاندىن كەلگەن مۇھەممەتجان بىلەن پاراڭلاشتىم. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە: يېقىندىن بۇيان سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مۇسۇلمانلارنىڭ مەسچىتلەردە ناماز ئوقۇشىغا، «قۇرئان كەرىم» نى سېتىۋېلىشىغا، جۈملىدىن شىنجاڭدىن «قۇرئان» نىڭ تەرجىمىسىنى ئالدۇرۇشقا رۇخسەت قىپتۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن خېلى مەمنۇن ئىكەن.

ھەج پائالىيىتى 7 - ئاينىڭ 13 - كۈنى باشلىنىپ 23 - كۈنى ئاياغلاشتى. مەن 7 - ئاينىڭ 23 - كۈنىدىن 8 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە مەككە شەھىرىدە 15 كۈن زىيارەتتە بولدۇم.

## II

سەئۇدى ئەرەبىستانى بىر قاتار ئىجتىمائىي ئىسلاھات ئارقىلىق ئىقتىساد، مائارىپ ئىشلىرى خېلى تەرەققىي تاپقان، خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى خېلى زور دەرىجىدە ئۆسكەن، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سودا ئىشلىرى راۋاجلانغان، قاتناش - ترانسپورت، پوچتا - تېلېگراف، سەھىيە ئىشلىرى خېلى زامانىۋىلاشقان، ھەربىي جەھەتتە قۇدرەت تاپقان دۆلەتكە ئايلىنىپتۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشاھلىقى شەرىئەتنى ئاساس قىلىپ، يېڭى قانۇن-تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىقىپتۇ ۋە ئىسلام دىنىنى سەئۇدى ئەرەبىستاننى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، تىنچ - مۇقىملىقنى ساقلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپتۇ.

مەككە شەھىرىدە يەرلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئېيتىشىچە: دۇنياغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش مەركىزى بولغان سەئۇدى ئەرەبىستاندا خان جەمەتلىرى، قەبىلە گۇرۇھلار ۋە دىنىي مەزھەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ناھايىتى مۇرەككەپ ئىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا سۈننى مەزھىپى (بۇ مەزھەپنىڭ ئاساسچىلىرى: ئىمام ئەزەم، ئىمام شافى، ئىمام مالىك، ئىمام ھەنبەلى قاتارلىقلار) دىكىلەردىن باشقا، يەنە شەرق ئۆلكىلىرىدە شىئە مەزھىپىدىكىلەر (بۇ مەزھەپكە 2—3 يۈز مىڭچە كىشى ئېتىقاد قىلىدىكەن)، جۈملىدىن شىئە مەزھىپىنىڭ كارامەتلەر تارمىقىغا، نىزارى تارمىقىغا، زەيدىيە تارمىقىغا ئېتىقاد قىلىدىغانلار بار ئىكەن. تەسەۋۋۇپ (سۇفىزم) چىلىقنىڭ تەسىرىمۇ مەۋجۇت ئىكەن. شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كۆپ قىسمى 12 ئىمام مەزھىپىگە، بىر قىسمى ئىسمائىل مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئىسلام دىنىنىڭ مەزھەپلىرى مۇرەككەپ، ئۇلارنىڭ پىكىر ئىختىلاپلىرى بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىختىلاپلار سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تىنچ - مۇقىملىقىغا، ئىجتىمائىي قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزگىدەك دەرىجىدە كەسكىن ئەمەس ئىكەن. ھەر يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تۈرلۈك مەزھەپتىكى بىر يېرىم مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمان ھەج قىلىشقا كەلسىمۇ، ئۇلار ئارىسىدا ئوچۇق - ئاشكارە ئىختىلاپ ياكى توقۇنۇش ئاساسەن يۈز بەرمەيدىكەن. سەئۇدى ئەرەبىستاندا ھەنبەلى مەزھىپىدىكىلەر كۆپ سانلىق بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ باشقا مەزھەپتىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نورمال ئىكەن. ھەر قايسى مەزھەپلەر كىچىك پەرقلەرنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا ئىناق ئۆتۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىكەن.

مەن مۇھەممەت قاسىم ئىمىن دېگەن كىشىنىڭ ھەمرالىقىدا مەككە داشۆسىنى زىيارەت قىلدىم. مۇھەممەت قاسىم ئىمىن ئەسلى قەشقەر شەھەر ئىچىدىن بولۇپ، بۇرۇن قەشقەردىكى ئاتاغلىق خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغانىكەن. 1947 - يىلى قەشقەردىن كېتىپ ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىپ ئورۇنلىشىپ قالغانىكەن. ئۇ ھازىر جىددە رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ئىكەن. مۇھەممەت قاسىم ئىمىننىڭ تونۇشتۇرۇشىچە: مەككە داشۆسىدە ھازىر 17 مىڭدەك ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى - خىزمەتچى بار ئىكەن. مەككە داشۆسىدە تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنگە ئائىت دەرسلىكلەردىن باشقا، ئىسلام دىنىغا دائىر دەرسلىكلەرمۇ ئۆتۈلىدىكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا پادىشاھنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خان جەمەتى ۋە يۇقىرى تەبىقىدىكىلەر ھەنبەلى مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىدىكەن. لېكىن بۇ مەزھەپتىكىلەر باشقا مەزھەپتىكىلەرنى كەمسىتمەيدىكەن ياكى چەتكە قاقمايدىكەن.

ئىمام مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇلۋاھاب (1703 — 1791) ئەينى چاغدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە خىلاپ ئىللەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ئەقىدىلىرىنى توغرا شەرھىلەش يۈزىسىدىن ۋاھابى مەزھىپىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇ مەزھەپ دەسلەپتە ۋاھابىيە مەزھىپى دەپ؛ كېيىنچە ۋاھابى مەزھىپى دەپ ئاتالغان.

بۇ مەزھەب كېيىنكى چاغلاردا سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ھىندونېزىيىگە، شىمالىي ئافرىقىغا تارالغان. 1986 - يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسىدىكى خۇيزۇلار ئارىسىغا؛ XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جەنۇبىي شىنجاڭغا تارقالدى.

ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادى قالاق، خەلقى نامرات، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئۇرۇش، يېغىلىق ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن، ھەقىقىي بىرلىك ئەمەلگە ئاشمىغان، كۆرەش كەسكىنلەشكەن، ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدىلىرىدىن چەتنەش ھادىسىلىرى كۆرۈلگەندى. قىسقىسى، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ئەقىدىسى، ماھىيىتى بۇرمىلىنىپ غەيرى ئەھۋاللارپەيدا بولغان. مەسىلەن: مازارلارغا، ئەۋلىيا - ماشايىخلارغا قارىغۇلارچە چوقۇنۇش، ئۇلاردىن بەخت تىلەش، ماشايىخلار ئۈچۈن نەزىر - چىراق قىلىش، ئۆلگەنلەرگە ئاتاپ ھەشەمەتلىك مەقبەرە سېلىش، سوپىلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئىشىنىپ تەركى دۇنيا بولۇش، بۆلۈنۈش، ئۇرۇش - جېدەل

قىلىش ئەدەپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق مەسىلىلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش
ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلدى. ۋەزى-
يەتنىڭ تەقەززاسى بىلەن شۇ دەۋرنىڭ ئاتاغلىق ئۆلىماسى ئىمام مۇھەممەت
ئابدۇلۋاھاب ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرگە ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ئەقىدى-
سىنى چۈشەندۈردى، ئىسلام ئېتىقادىغا خىلاپ غەيرى ئىللەتلەرگە قارشى
تۇردى. ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئىمام مۇھەممەت ئىبنى سەئۇد مۇھەممەت
ئىبنى ئابدۇلۋاھابنى قوللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلۋاھاب ئەينى چاغدىكى
ئىسلام ئېتىقادىغا خىلاپ كېلىدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى چەكلەپ ۋە زۆرۈر ئىسلا-
ھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، خەلقلەرنى ئاللاھنىڭ بىرلىكىگە قەتئىي ئىشىنىشكە،
«قۇرئان كەرىم» دە بەلگىلەنگەن ئەھكاملارغا ئەمەل قىلىشقا، پەيغەمبەرنىڭ
تەلىماتىغا ئەمەل قىلىشقا دالالەت قىلدى.

ئىمام مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇلۋاھاب ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى خەلقلەرگە
ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى سىڭدۈرۈپ، ئۇلارنى ياراشتۇرۇش، ئىتتىپاقلاشتۇرۇش
جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان ئىمام
مۇھەممەت ئىبنى سەئۇد مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇلۋاھابنىڭ ئەقىدىسىنى قوللاپ-
قۇۋۋەتلەشتە چەكتىن ئېشىپ كەتتى. قورال كۈچى ئىشلىتىپ خەلقنى ۋاھابىنىڭ
ئىسلاھات ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلىشقا زورلىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ
مەقبەرىسىنى بۇزۇپ تۈزلىۋەتتى. دەرۋەقە سەئۇد خاتالىقىنى تونۇپ ئۇزاق
ئۆتمەي مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقبەرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ھازىر
ھەر يىلى ھەج قىلىشقا كەلگەنلەر مەيلى قايسى مەزھەپتىن بولۇشىغا قارىماي،
ھەممىسى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى تاۋاپ قىلىدۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى مەككە شەھىرى بىلەن مەدىنە شەھىرىنىڭ
شەھەر قۇرۇلۇشىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپتۇ.

ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ۋاھابى مەزھىپىدىكىلەر ئاساسەن يوق ئىكەن.
ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى مۇسۇلمانلار مەزھەپچىلىك قىلماي، ئۆز دۆلىتىنى
يەنىمۇ زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىۋېتىپتۇ.

ئاپتونوم رايونىمىزدا سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى يولغا قويۇل-
غاندىن كېيىن، خەلقئارا ئالاقىنىڭ، ھەر يىلى ھەجگە بارغۇچىلارنىڭ كۆپىيىشىگە
ئەگىشىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، قاغىلىق رايونلىرىدا، شىمالىي
شىنجاڭنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلىرىدا بەزىلەر ۋاھابى مەزھىپىنى تەرغىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشقا باشلىغان. ھەتتا ئايرىم جايلاردا ئۇلار بىلەن سۈننى مەزھەپىدىكىلەر (شىنجاڭدا 90% دىن كۆپرەك مۇسۇلمان سۈننىي مەزھەپىنىڭ ھەنەفىيە تارمىقىغا ئېتىقاد قىلىدۇ) ئوتتۇرىسىدا ئىناقسىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلگەن. مېنىڭچە، ئىسلام دىنىدا دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش لازىم دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر بۇ ئەھۋالنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا سۈكۈت قىلىنسا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقىغا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق ۋەزىيىتىگە، ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە زىيان يەتكۈزىدۇ. مەن بۇ مەسىلە ئۈستىدە تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، مۇۋاپىق چارە تەدبىرلەرنى قوللىنىش زۆرۈر دەپ قارايمەن.

## III

ئىگەللىشىمىزچە، جۇڭگودىن ھەج قىلىشقا بارغانلار ئېلىپ بارغان تۈرلۈك تاۋارلار سەئۇدى ئەرەبىستانلىقلارنى ناھايىتى قىزىقتۇرغان. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستانلىق 3 ـــ 4 مىڭ سودىگەر شاڭخەي، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلارغا بېرىپ سودا ـ سېتىق قىلىۋېتىپتۇ. جۇڭگونىڭ تاۋارلىرى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بازارلىرىدا تېز سېتىلىدىكەن. بەزى سودىگەرلەر، مەسىلەن، جىددە شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇرلاردىن غوپۇر ھاجىم، مەككىدىكى قۇربان ئابدۇللا، ئابدۇلئەھەت ھاجىم قاتارلىقلار شىنجاڭدا كارخانا ئېچىش مەسىلىسىنى ئويلىشىۋېتىپتۇ.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان 30 مىڭدەك ئۇيغۇرلاردىن تەبىئىي پەن ساھەسىدە، ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدە، دىن ساھەسىدە ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، ئۆلىمالار يېتىشىپ چىقىپتۇ. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ جىددە شەھىرىدىكى بىر رادىئو ئىستانسىسى ھەركۈنى 17 تىلدا پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش بېرىدىكەن. قەشقەرلىك مۇھەممەت قاسىم ئىسىملىك بۇ ئىستانسىنىڭ ئۇيغۇر بۆلۈمىدە ئىشلەيدىكەن. زىيارەت داۋامىدا مەن يەنە ئاتاقلىق تىببىي ئالىم مۇھەممەت سىيىت بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدۇم. ئۇ جۇڭگودىن ھەج قىلىشقا كېلىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىدىن، سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى ۋە 1989 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانى جۇڭگو بىلەن ئۆز ئارا «ئىش

باشقۇرۇش ئورنى» تەسىس قىلىش توغرىسىدا كېلىشىم ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر بۇنى ھىمايە قىلغانلىقىنى، لېكىن بىر قىسىم دىنىي مۇتەئەسسىپلەر ۋە تەيۋەنپەرەسلەر قارشى چىققانلىقىنى، سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ئۇلارنىڭ قارشىلىقىغا تېگىشلىك رەددىيە بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى شۇنداقلا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىمۇ كۈچىيىشكە تىلەكداش ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

مەن مۇنداق ئىنكاسلارنى ئاڭلىدىم.

(1) سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا، جۇڭگونىڭ تەرەققىياتىغا دائىر كۆرۈنۈشلەر كۆرسىتىلىدۇ، رادىئو ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشىدا بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر ئاڭلىتىلىدۇ. جۇڭگومۇ بۇندىن كېيىن ئەرەبىستاننى تونۇشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرسە.

(2) مېنىڭچە، مەملىكىتىمىزنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىشنى، جۈملىدىن مەملىكىتىمىزدىن ھەر يىلى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەجگە بېرىۋاتقانلىقىنى، مەملىكىتىمىزدە مۇسۇلمانلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيىتى قوغدىلىدىغانلىقىنى، «قۇرئان» نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى نەشىر قىلىنىپ تارقىتىلغانلىقىنى، نۇرغۇن داڭلىق قەدىمىي چوڭ مەسچىتلەرنىڭ يېڭىدىن رېمونت قىلىنغانلىقى، بەزىلىرىنىڭ يېڭىدىن سېلىنغانلىقىنى تونۇشتۇرۇشنى كۈچەيتسەك، بۇ ھەقتىكى كىتاب، ژۇرنال، رەسىملەرنى كۆپرەك بېسىپ تارقاتساق بولغىدەك. چۈنكى بۇ مەسىلىلەرگە سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدىكەن.

(3) سەئۇدى ئەرەبىستانغا بارغان باشقا دۆلەتلەرنىڭ ھەج ئۆمەكلىرى سەئۇدى پادىشاھىسى بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا سوغا تەقدىم قىلىشنى مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ۋاستىسى قىلىدىكەن. ئېلىمىزنىڭ ھەج ئۆمىكى جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ ھەج ئۆمىكىمۇ بۇ مەسىلىنى ئويلىنىپ كۆرسە بولىدىكەن.

(4) ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن 1—2 مىليون مۇسۇلمان مەككە، مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىدۇ. بەزى ھەج ئۆمەكلىرىنىڭ تەركىبىدىكى ئۆلىمالار مىنا مېھمانخانىسىنىڭ ئىچىدىكى مەسچىتلەردە بەش ۋاق ناماز ئوقۇش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ھەم ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ھەم ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تەشۋىق قىلىدىكەن. ئەمما مەملىكىتىمىزدىن بارغانلار ئىچىدە چوڭ سورۇنلاردا سۆزلىگەنلەر بولمىدى. مېنىڭچە بىزمۇ داڭلىق دىنىي زاتلارنى ھەج ئۆمىكى تەركىبىگە كىرگۈزۈپ، ئۇلار ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ دىنىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىپ دۆلىتىمىزنىڭ ئابرويىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتەرسەك.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com

(5) سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن جۇڭگونىڭ مۇناسىۋىتىنى ھازىرقى «ئىش باشقۇرۇش ئورنى» تەسىس قىلىشتىن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش مەسىلىسى ئۈستىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۆلىما شەيخ ئابدۇلئەزىز ئابدۇللا بىن باز (سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىنىڭ شەيخ مۇفتىسى) مۇنداق دېگەن: «سەئۇدى ئەرەبىستانى جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش لازىم. بۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتىگە پايدىلىق. دۇنيا تىنچلىقى ئۈچۈن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن پايدىلىق. بىز جۇڭگو بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاشتا ئالدى بىلەن جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن مۇناسىۋەتنى قويۇقلاشتۇرۇشىمىز كېرەك. مېنىڭ ئۇستازىم يەنى، ماڭا بىلىم بەرگەن كىشى ئۇيغۇر ئىدى. ئۇيغۇرلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنى گۈللەندۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىغان. ھازىرمۇ مۇھىم رول ئويناۋاتىدۇ. بىزگە پۇقرا بولغان ئۇيغۇرلار ئىچىدە مىڭدەك مۇنەۋۋەر ئالىم بار. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىمەكتە». ئۇنىڭ بۇ سۆزى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ خان جەمەتىگە خېلى زور تەسىر قىلغان.

مۇھەممەت قاسىم مۇنداق دەپ تەكلىپ بەردى. «سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئۆز ئارا دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، سىياسەتتە تاكتىكىغا ماھىر بولۇش كېرەك». سوۋېت ئىتتىپاقى يېقىندا سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتىگە مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك تەكلىپ بەرگەن. (1) سەئۇدى ئەرەبىستانى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۈچ جۇمھۇرىيەت (قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان) تىكى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بىر مىليون قۇرئان ئىنئام قىلسا، (2) ئۈچ جۇمھۇرىيەتتىكى مەسچىتلەرنى رېمونت قىلىش ئۈچۈن 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلسا، (3) 1989 - يىلى 10 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان بۇخارا شەھىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقىغا 2 مىڭ يىل بولغانلىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتسە.

سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى بۇ تەكلىپلەرنى قوبۇل قىلغان. بۇ سەئۇدى ئەرەبىستانى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى پات ئارىدا دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ دېگەندىن دېرەك بەرمەيدۇ. چۈنكى سەئۇدى پادىشاھى ئابدۇلئەزىز 1946 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ئۈزگەن. 1953 - يىلى ئۇ ۋاپات بولۇش ئەرپىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتماسلىق ھەققىدە ۋەسىيەت قىلغان. سەئۇدى ئەرەبىستانلىق بەزى ئەربابلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ جۇڭگو بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشى سوۋېت ئىتتىپاقى

بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشتىن ئىلگىرى بولۇشى، تېز بولغاندا ئىككى، ئۈچ يىل ئىچىدە دىپلوماتىيىلىك مۇناسىۋەت ئورنىتىلىشى مۇمكىن دەپ قارايدىكەن. لېكىن بۇ جەھەتتە توسقۇنلۇقلارمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن.

شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈش لازىمكى، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا تەيۋەن دائىرىلىرىنىڭ تەسىرى خېلى چوڭقۇر ئىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئۇلار ھەرىكىتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋېتىپتۇ. بەزى تەيۋەنپەرەسلەر جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەي، «شىنجاڭدىن ھەج قىلىشقا كەلگەنلەرنىڭ قولىدا ئاقچا ئاز بولغاچقا، بەزىلىرى تىلەمچىلىك قىلىشۋاتىدۇ»، «شىنجاڭدا تەرجىمە قىلىنغان «قۇرئان» تازا ئىشەنچلىك ئەمەس»، دېگەندەك ئۆسەك سۆزلەرنى تارقىتىپتۇ. سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى شىنجاڭدا تەرجىمە قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ ئىلمىي ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ، بىر قىسىم تەيۋەنپەرەسلەرگە قاتتىق رەددىيە بېرىپتۇ. تەيۋەن دائىرىلىرى تەيۋەنپەرەسلەرگە پۇل بېرىپ، ئۇلارنى تەيۋەنگە زىيارەتكە تەكلىپ قىلىدىكەن، پانتۈركىستلارمۇ سەئۇدى ئەرەبىستاندا شايكا توپلاشقا ئۇرۇنىدىكەن.

مەن بۇ قېتىمقى ھەج داۋامىدا سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» («رابىتەتلئالەم ئىسلامى») نى زىيارەت قىلدىم.

«دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» 1962 - يىلى ئېچىلغان دۇنيا ئىسلام قۇرۇلتىيىدا 64 مۇسۇلمان مىللەت ئۆلىمالىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن قۇرۇلغان دۇنياۋى تەشكىلات.

بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەڭ ئالىي قانۇنىي ئورگىنى - خەلقئارا ئىسلام يىغىنى. بۇ يىغىن «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» ئاساسىي قانۇن بەلگىلەش كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىنى سايلاپ چىقىدۇ. ھەر قايسى جايلاردا ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان مۇئەسسەسەلەرنى تەسىس قىلىدۇ.

«دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى» نىڭ ئاساسلىق ئورگانلىرى: «ئاساسىي قانۇن بەلگىلەش كومىتېتى»، «دىن ۋە مەدەنىيەت كومىتېتى»، «دۇنيا مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقى ئىشخانىسى» دىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى زىيارەت داۋامىدا مەن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بىر - ئىككى مىليوندىن ئارتۇق مۇسۇلمانىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ ھەج قىلىشىنى ھەم دىنىي زىيارەت ھەم ئادەم يەرمەنكىسى دېيىشكە بولىدىكەن. شۇڭا مەملىكىتىمىزدىن ھەجگە بارغانلار جۈملىدىن شىنجاڭدىن بارغانلار ھەج پائالىيىتى داۋامىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ

ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتىنى، ياخشى ئەنئەنىسىنى نامايان قىلىپ دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ياخشى تەسىرات قالدۇرۇشى، شۇ ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ خەلقئارادىكى ئابرويىنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم. بۇ مەملىكىتىمىزنىڭ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شان - شەرىپىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلە.

مېنىڭچە، ھەجگە بارىدىغانلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنىڭ رەتلىك، پاكىز، ياخشىراق بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش لازىم. شىنجاڭدىن بارىدىغانلارنىڭ بىر - ئىككى قۇر يېڭى كىيىمى بولۇشى، زۆرۈر تېپىلغاندا بۇنى پاسپورت بېرىشنىڭ تەكشۈرۈش شەرتلىرىنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈش كېرەك.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھەجگە بارغانلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ تازلىقى بەك ناچار، كىيىم - كېچەكلىرى رەتسىز ئىكەن. ئۇلار يالىڭاياق ماڭغان، بەزىلىرىنىڭ ئىشتان پېغى ساڭگىلاپ تۇرغان، شۇنچە ئىسسىقتىمۇ مۇنچىغا كىرمىگەن. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان بۇ خىل ئەھۋاللار تەكرارلانماسلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

(2) ھەجگە بارغانلار ئىمكانقەدەر ياخشىراق مېھمانخانىغا چۈشۈشى، تەشكىل شىنجاڭدىن بارغانلارنىڭ ئىناق مەسىلىسىگە كۆڭۈل بۆلۈشى لازىم ئىكەن. يەنە بەزىلەر بېخەستەلىك قىلىپ پۇلىنى يوقىتىپ قويغان ياكى ئوغرىغا بەرگەندىن كېيىن شىنجاڭ ھەج قىلىش ئۆمىكىدىكىلەرگە مەلۇم قىلماي سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى «دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى»غا بېرىپ ئۆچرەت كۈتۈپ پۇل تەلەپ قىلغان. قۇرئان تەلەپ قىلغان. ھەتتا بەزىلەر ئىككى قېتىمدىن پۇل ئالغان. تىلەمچىلىك قىلغان. بۇندىن كېيىن بۇنداق ئەھۋالنىڭ يۈز بەرمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىنسا.

(3) باشقا دۆلەتلەردىن ھەجگە كەلگەنلەرنىڭ چىرايلىق ئىزنىكى بار ئىكەن. بىزمۇ مەملىكىتىمىز نامىدىن ياكى شىنجاڭنىڭ نامىدىن نومۇر سېلىنغان ئىزناك تارقىتىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك.

(4) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ھەج ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ دوختۇر ئېلىپ بارغانلىقى ناھايىتى ياخشى ئىش بوپتۇ. لېكىن بۇ خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش، زۆرۈر بولغاندا مەككىدىكى داۋالاش ئورۇنلىرى بىلەن ئالاقىلىشىپ جۇڭگودىن بارغانلارنىڭ داۋالىنىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىشنى ئويلىشىپ كۆرسەك.

(5) ھەر يىلى شىنجاڭدىن ھەج قىلىشقا مىڭدەك ئادەم بارىدىكەن. ئىقتىدارلىق، تەشكىللەشكە ماھىر ئۆمەك باشلىقلىرى كۆپ ئالماشسا، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، ئاراپات كۈنلىرى شۆبە ئەترەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ

(داۋامى 26 - بەتتە)

# ئۇيغۇرلاردا كالېندارچىلىق

مەھمۇت زەيدى

ئۇيغۇر خەلقى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شەرقنىڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلىرىنىڭ بىرى ھېسابلانغان. «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» دىمۇ: «ئۇيغۇرلار مىلادىدىن III ئەسىر ئىلگىرى ئېلىمىزنىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشىغۇچى مەلۇم بىر ياكى بىر قانچە كۆچمەن ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنىڭ ئەۋلادى بولۇپ، ئېلىمىزدە ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ» ① دەپ كۆرسىتىلگەن.

مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى جەن بوزەن 1955 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەپ «نۇر گېزىتى» دە ئېلان قىلغان ماقالىسىدە: «... 2000 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى ۋەتىنىمىز خەلقىنىڭ ئىقتىسادى، ۋە مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا ئۆزىنىڭ مۇزىكىچىلىق، رەسساملىق، دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى ۋە ئاگرونومىيە جەھەتلىرىدە مول تۆھپىلەرنى قوشقان» دەپ يازغان. جەن بوزەن بۇ ماقالىسىدە ئاساسەن ئۇيغۇر قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى كۆزدە تۇتىدۇ. شۇنىسى چۈشىنىشلىكى، دېھقانچىلىق ۋە ئاگرونومىيە يىلنىڭ پەسىللىرىنى قاتتىق پەرقلەندۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. بىزنىڭ قەدىمكى ئاتا-بوۋىلىرىمىز كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان مەزگىللەردىلا مۆچەل ھېسابىنى قوللانغان. كىشىلەرنىڭ مەۋجۇدىيىتى ئۇلارنىڭ ئېڭىنى بەلگىلەيدۇ. قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىمىز مۇھىت شارائىتى ھايۋاناتلار بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولغان، يېزىق بولمىغان دەۋرلەردە يىلنى ھايۋان ئىسمى بىلەن بەلگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنى ئەستە تۇتقان ۋە ھېسابلىغان بولسا كېرەك. بۇ توغرىدا ئۇيغۇرلار مەدەنىيىتى ۋە ئېتنوگرافىيىسىنى تەتقىق قىلغۇچى جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ كۆز قارىشىدا ئانچە پەرق يوق.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، تىلى، تارىخى، جۇغراپىيىسى، ئېتنوگرافىيىسى قاتارلىق جەھەتلەردە كۆپلىگەن پاكىتلارنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ھەتتا مىلادىدىن ئىلگىرىكى بەزى تارىخي ئەھۋاللاردىنمۇ خەۋەر بەرگەن. ئات، كالا، ئىت، قوي، يولۋاس، چاشقان قاتارلىق ھايۋاناتلارنى تونۇشتۇرغاندا، ئۇلارنىڭ مۆچەل يىلنىڭ

نامىرىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى قەدىمىي زامانلاردىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن ئۆرپ - ئادەت، ئېتنوگرافىيىسى توغرىسىدا، ھەتتا ئاسترونومىيە بىلىملىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىلگەن. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يەتتە يۇلتۇز، 12 بۇرج بايانلىرىدا بىز ھازىر «زۇھەل» (ئەرەبچە) ياكى «ساتۇرىن» دەپ ئاتاۋاتقان يۇلتۇزنى «سەكەنتىر» دەپ؛ «مۇشتەرى» (ئەرەبچە) ياكى «يوپىتىر» دەپ ئاتاۋاتقان يۇلتۇزنى «ئوڭاي» دەپ؛ «مىررىخ» (ئەرەبچە) ياكى «مارس» دەپ ئاتاۋاتقان پىلانىتنى «كۇرت» دەپ ئاتىغان، ۋەھاكازا. پەسىللەرنى ئايرىش توغرىسىدىكى مەزمۇنلار ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇلگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە، يۇلتۇزچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش تەكىتلىنىپ، يىل، ئاي، كۈنلەرنىڭ ھېسابى يۇلتۇزچىلاردا بولىدۇ، بۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىش قىلساڭ خاتا قىلمايسەن دېيىلىدۇ. بۇ بىزنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىمىز قەدىمكى زامانلاردىلا ئاسترونومىيە ھەم مېترولوگىيە ئىلمىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى، يىل، ئاي، كۈن ھېسابىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. غەربىي گېرمانىيىلىك ئاتاقلىق شەرقشۇناس فون گابائىن خانىممۇ «ئۇيغۇرلار كالىندار (تەقۋىم) سىستېمىسى ئۈستىدە كۆپ ئىزدەنگەن، ئىختىرا قىلغان» دەيدۇ.

732 - يىلى ئۆلگەن كۆل تېگىننىڭ قەبرىسىدىكى مەڭگۈ تاشتا يىللارنىڭ مۆچەل ھېسابى بىلەن خاتىرىلىنىشى مۆچەل سىستېمىسىنىڭ ئۇيغۇرلاردا ئۇزۇندىن بۇيان قوللىنىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يەنە ئالايلۇق، پروسسىيە ئارخېئولوگلىرى ئىدىقۇت شەھەر خارابىسىدىن تاپقان كالىندار پارچىلىرىغا ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان شەرقشۇناس ميۇلېر بۇ كالىندارنىڭ تىلىنى «پامىرنىڭ غەربىدىكى تۈرك (ئۇيغۇر — نەقىل كەلتۈرگۈچى) لەرنىڭ سەمەرقەندنى مەركەز قىلغان سوغدى تىلىدا يېزىلغان»② دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ كالىندارلاردا كۈنلەر سوغدى تىلىدىكى يەتتە كۈننىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئاندىن كېيىن خەنزۇچە ئون سىكىلنىڭ ترانسكرىپسىيىسى، ئاخىرىدا سوغدى تىلىدا،

---

تۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش، قومانداندانلىق شىتابىدا بىر كىچىك ماشىنا بولۇشى زۆرۈر ئىكەن. مېنىڭچە، ئەرزانراق بىر ماشىنا سېتىۋېلىپ، ھەج پىنا ئالىيىتى تۈگىگەندە كېلەر يىلى ئىشلىتىش ئۈچۈن ساقلاپ بېرىشكە ھاۋالە قىلساق. ماشىنا بولغاندا ھاجىلار تەسادىپىي ئاغرىپ قالغاندا داۋالاش ئورۇنلىرىغا ئېلىپ بېرىشقىمۇ ئاسان بولىدىكەن.

تۈرك يېزىقىدا مۆچەل ھېسابى بېرىلگەن. ئۇيغۇر تارىخچىسى ليۇ ۋىشاۋ يازغان «ئۇيغۇر تارىخى» (1 - قىسىم) نىڭ 256-، 257 - بەتلىرىدە: «1904 - يىلى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت قەلئەسىدىن بىر كالېندار تېپىلغان. ياپونىيىلىك ئالىم يۈي تېيەنخىڭ بۇ كالېندارنى ئۈچ خىل يېزىقتا دەپ تونۇشتۇرغان. بۇ كالېنداردىكى كۈنلەر سوغدىچە، خەنزۇچە، تۈركچە (ئۇيغۇرچە دېمەكچى) ئاتالغان. يەنى ھەر بىر كۈن ئاۋۋال سوغدى تىلى بىلەن يېزىلغان. ئاندىن خەنزۇچىدىكى جيا، يى، بىڭ، دىڭ بۇرچى ئاھاڭى بويىچە يېزىلغان. ئاخىرىدا چاشقان، كالا، يولۋاس قاتارلىق ئون ئىككى ھايۋان ئىسىملىرى قوشۇمچە قىلىنغان... ئالىم بۇ ھەقتە: 12 شاخنى ھايۋانلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتاش - يەرلىك تۈركىي تىللىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ئېتىبار بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. بۇنىڭدىمۇ بىردەكىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ» دېيىلگەن.

تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھسى شۈەنزۇڭنىڭ 6 - يىلى (مىلادى 718 - يىلى) تاڭ ئوردىسىدا ئەمەلدار بولۇپ ئىشلەۋاتقان تۈرك ئالىمى گائۇتاماسىد خۇرتخاغا ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان ھىندىلارنىڭ كالېندارىنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش بۇيرۇلغان③.

قازاقىستاننىڭ تۈركىي تىللىق خەلقلەر كالېندارىنى كۆپ تەتقىق قىلغان ئالىمى مەڭباي ئىسھاقباييۋ «قازاقنىڭ قەدىمكى كالېندارى» ناملىق كىتابىدا كۆرسىتىشىچە: مۆچەل ھېسابى تۈركىي تىللىق مىللەتلەردىن ئوتتۇرا ئەسىردە تارقالغان، ياپونىيە ۋە باشقا شەرقىي ئاسىيا ئەللىرى مۆچەل ھېسابىنى جۇڭگودىن ئۆگەنگەن. موڭغۇللاردا بولسا 1027 - يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلىشقا باشلىغان بولسا كېرەك④ دەيدۇ.

ھەممىگە ئايانكى، VI ئەسىردىن VIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ئىككى ئەسىر داۋامىدا موڭغۇل دالاسى ۋە غەربىي رايوندا پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر سودىگەرلىرى جۇڭگو، ھىندىستان، ئەرەبىستان، ئىران ۋە ۋىزانتىيە قاتارلىق قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مەملىكەتلەر ئارىسىدا قاتناپ يۈرۈپ، شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان، جۈملىدىن ئۇلار مۆچەل ھېسابى ئاساسىدىكى كالېندارنىڭ تەكەممۇللىشىشىغا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتكەن.

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» نى ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئاساسىدا، يەنى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياشىغان جايلارنى بىر - بىرلەپ تەپسىلىي تەكشۈرۈپ ماتېرىيال توپلاش ئاساسىدا يېزىپ چىققان. شۇڭا ئۇ «دىۋان» غا كىر-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گۈزۈلگەن ھەر بىر سۆزلەرگە ئەترابلىق، ئېنىق ئىزاھ بەرگەن، مەسىلەن:
يولبارس سۆزىنى مۇنداق دەپ ئىزاھلىغان:

بارس — يولۋاس، تۈركىي خەلقلىرىدىكى ئون ئىككى مۆچەلدىن بىرىنىڭ نامى. بۇ مۇنداق: تۈركلەر 12 خىل ھايۋاننىڭ ئىسمىنى ئېلىپ، 12 يىلغا ئات قويغان، ئۇلار بالىلارنىڭ ياشلىرىنى، جەڭ تارىخلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنى مۇشۇ يىللارنىڭ دەۋر قىلىشى بىلەن ھېسابلايدۇ. بۇنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇنداق:

تۈرك خاقانلىرىدىن بىرى ئۆزىدىن بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن بىر ئۇرۇشنى ئۆگەنمەكچى بولغان. بۇنىڭدا ئاشۇ ئۇرۇش بولۇپ ئۆتكەن يىلنى ئېنىقلاشتا خاتالاشقان. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ خاقان ئۆز خەلقى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، قۇرۇلتايدا مۇنداق دېگەن: «بىز بۇ تارىخنى ئېنىقلاشتا قانداق خاتالاشقان بولساق، بىزنىڭ كېيىنچە ئەۋلادلىرىمىزمۇ شۇنداق خاتالىشىدۇ. شۇڭا بىز 12 ئاي ۋە ئاسماننىڭ 12 بۇرجىغا ئاساسلىنىپ، ھەر بىر يىلغا بىر ئات قويايلى. بىزدىن كېيىن يىل ھېسابى شۇ يىللارنىڭ ئايلىنىشى بىلەن ھېسابلانسۇن. بۇ ئارىمىزدا مەڭگۈ بىر يادىكارلىق بولۇپ قالسۇن.» خەلق خاقاننىڭ بۇ پىكرىنى: «شۇنداق بولسۇن» دەپ ماقۇللىغان.

شۇ مۇناسىۋەت بىلەن خاقان ئوۋغا چىققان ۋە ھەممە ھايۋانلارنى ئىلى دەرياسىغا قاراپ قوغلاشنى بۇيرىغان. بۇ ناھايىتى چوڭ بىر دەريا. خەلق بۇ ھايۋانلارنى ئوۋلاپ يۈرۈپ، ئىلى دەرياسىغا قاراپ قاپساپ ھەيدىگەن. بىرمۇنچە ھايۋانلار ئۆزلىرىنى سۇغا ئاتقان. ئۇلاردىن 12 خىلى سۇدىن ئۈزۈپ ئۆتكەن. ئەنە شۇ 12 ھايۋاننىڭ ئىسمى 12 يىلغا ئات قىلىپ قويۇلغان. سۇدىن ئەڭ ئاۋۋال سىچقان (چاشقان) ئۆتكەن. شۇڭا يىل بېشى شۇنىڭ نامىدا ئاتىلىپ، «چاشقان يىلى» دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، سۇدىن ئۆتكەنلەر تۆۋەندىكى تەرتىپتە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىر يىل ئۇچۇن ئىسىم بولۇپ قالغان:

| | |
|---|---|
| ئود يىلى | ئۇي يىلى (كالا يىلى) |
| بىرس يىلى | يولۋاس يىلى |
| تەۋىشقان يىلى | توشقان يىلى |
| ناك يىلى | لەھەڭ يىلى (تىمساخ يىلى) |
| يىلان يىلى | ئىلان يىلى |
| يوند يىلى | ئات يىلى |

| | |
|---|---|
| قوي يىلى | قوي يىلى |
| بىجىن يىلى | مايمۇن يىلى |
| تقاغۇ يىلى | توخۇ يىلى |
| ات يىلى | ئىت يىلى |
| تنكز يىلى | توڭغۇز يىلى |

توڭغۇز يىلىغا يەتكەندىن كېيىن، ھېساب يەنە چاشقان يىلىدىن قايتا باشلىنىدۇ.

مەھمۇت قەشقەرى مۇنداق دەيدۇ، بۇ كىتابنى يازغان يىلىمىز تۆت يۈز ئاتمىش ئالتىنچى يىلىنىڭ مۇھەررەم ئېيى بولۇپ، ئىلان يىلى كىرگەندى. بۇ يىل ئۆتۈپ تۆت يۈز ئاتمىش يەتتىنچى يىلىغا قەدەم قويغاندا، ئات يىلى كىرىدۇ. يىل ھېسابى بىز كۆرسەتكەن مۇشۇ تەرتىپتە بولىدۇ.

تۈركلەر بۇ يىللارنىڭ ھەر بىرىدە بىر خاسىيەت بار دەپ تەخمىن قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۇي (كالا) يىلى كىرگەندە ئۇرۇش كۆپىيىدۇ. چۈنكى ئۇي بىر-بىرى بىلەن كۆپ سوقۇشىدىغان ھايۋان. توخۇ يىلى كىرسە ئوزۇق-تۈلۈك كۆپىيىدۇ. لېكىن كىشىلەر ئارىسىدا تەشۋىش ئاشىدۇ. چۈنكى، توخۇنىڭ يېمى دان. توخۇ دان تېپىش ئۈچۈن ئەخلەت-چاۋالارنى تاتىلاپ چېچىۋېتىدۇ. لەھەڭ يىلى كىرىش بىلەن ھۆل-يېغىن كۆپىيىپ، ئاشلىق ئوخشايدۇ. توڭغۇز يىلى كىرىش بىلەن قار كۆپ ياغىدۇ. سوغاق قاتتىق بولىدۇ. پىتنە-پاسات كۆپىيىدۇ. تۈركلەر ئەنە شۇ يوسۇندا ھەر يىلى بىرەر ھادىسە يۈز بېرىدۇ دەپ ئىشەنگەن.

ئايلارنىڭ ئىسمىغا كەلسەك. شەھەرلەردە ئەرەبچە ئاي ئىسىملىرى قوللىنىلىدۇ. كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مۇسۇلمان بولمىغان تۈركلەر يىلنى تۆت پەسىلگە بۆلۈپ، ھەر ئۈچ ئايىنى بىر نام بىلەن ئاتايدۇ. يىلنىڭ ئۆتۈشىنى شۇ يول بىلەن بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن: نورۇز (يېڭى يىل) دىن كېيىن تۇنجى باھار ئېيىنى «ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايىنى «ئۇلۇغ ئوغلاق ئاي» دەيدۇ. چۈنكى بۇ ئايدا ئوغلاق چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكىسىنى «ئۇلۇغ ئاي» دەيدۇ. چۈنكى، بۇ ئاي يازنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، بۇ چاغدا يەر يۈزى تۈرلۈك نېمەتلەرگە تولۇپ، مال-ۋارانلار سەمىرىيدۇ. سۈت كۆپىيىدۇ. ...قالغان ئاي ئىسىملىرىنى بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن. ...»⑤

يۇقىرىدىكى مەلۇماتتىن بىز تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ 12 مۈچەل ئارقىلىق يىل ھېسابلاش سىستېمىسىنى قانداق ئىجاد قىلغانلىقىنى، ئەجدادلىرىمىز مۈچەل ھېسابىنى قۇرۇلتايدا مۇلاھىزىگە قويۇپ كېڭەشكەنلىكىنى بىلەلەيمىز ۋە 12 مۈچەل بىلەن يىل ھېسابلاش كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلەيمىز.

ئاخىرىدا شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، مۈچەل سىستېمىسىنى بىز ئۇيغۇر خەلقىلا قوللىنىپ قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەتلەر جۈملىدىن خەنزۇلار، زاڭزۇلار، موڭغۇللار، قازاق - قىرغىز قاتارلىق مىللەت خەلقلىرىمۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئىشلەپچىقىرىش جەھەتلىرىدە مۇناسىپ ھالدا قوللانغان. ھازىرقى كالىندار ئەشۇ ئىپتىدائىي مۈچەل ھېسابىنىڭ جەۋھەرلىرىنى مۇجەسسەملەشتۈرۈش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە مۇكەممەللەشكەن، خالاس.

ئىزاھلار:

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 1 - قىسىم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 228 - بەت.

② ③ سەمەت دۆگايلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان» قەشقەر پېداگوگىكا شۆۋەنى ئىلمىي ژۇرنىلى 1981 - يىل 2 - سان.

④ نىغمەت ياقۇپ: «مۈچەللىك كالىندار توغرىسىدا» «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 1 - سان.

⑤ «تۈركىي تىللار دىۋانى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 1 توم 449 — 452 - بەتلەر.

## بۆكە

قەدىمكى خەلق — تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن تۈركلەرگە بېيئەت قىلغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋېيخې (ئۇيغۇر)، تۇڭرا قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ تۈركلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى چىققان. ئىتتىپاق تۈزگەن قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى خۇيخې (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) سىرتاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، تۇلارنىڭ زېمىنىدا جىنخۇي ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ، يەنە ئۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

# ئىلمىي ماقالىلەردىن تەرمىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى

«ئىلى رايونىنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈش ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە» (ئاپتور: ياۋشۇيېۋېن، «شىنجاڭ پىلانلىق ئىگىلىك تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 6 ـ سان 57 ـــ 60 ـ بەتلەر).

بۇ ماقالىدە ئىلى رايونىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە تەبىئىي شارائىتى تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە بۇ رايوننىڭ چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، ئورمانچىلىق سۇئىنشائاتى ۋە كانچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، ئۇلارنىڭ شىنجاڭ ئىقتىسادىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىقلارغا باھا بېرىلگەن. شۇنداقلا ئاپتور سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سودا مۇناسىۋىتىگە قارىتا، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان توغرا لىنىيىلىك ھەمكارلىشىش مەسىلىسىگە قارىتا ئۆزىنىڭ قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتور يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ جەھەتتە مەسىلە مەۋجۇت دەپ ھېسابلىغان: (1) ئىلى رايونى يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق قىلىنىدىغان رايون، ئىلمىيلىك، ئۇنىۋېرساللىق ۋە مۇقىملىق جەھەتتە يېتەرسىزلىك بولغاچقا، چارۋىچىلىق يەنىلا تەبىئەتكە تايىنىپ مال بېقىش ھالىتىدە تۇرماقتا. چارۋىچىلارنىڭ ناتۇرال ئىگىلىك ئىدىيىسى ناھايىتى ئېغىر. (2) بۇ رايوننىڭ سانائەت ئاساسى ئاجىز، كەسىپ تۈرلىرى ئاز، قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق، باشقۇرۇش ئىدىيىسى ئارقىدا قالغان، ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا ساپاسى ناچار، كارخانىلارنىڭ رىقابەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش قىيىن. (3) يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئىككى خىل سەۋەب بۇ رايوننىڭ مىللىي دارامىتى تۆۋەن بولۇش، مالىيە جەھەتتە ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىيەلمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەيتىشكە تەسىر يەتكۈزگەن، بۇ رايون دۆلەتكە كۆپرەك مەبلەغ جۇغلاپ بېرىشكە چارىسىز قالغان.

بۇ ماقالىدە مۇنۇلار تەكلىپ قىلىنغان: بىرىنچى، ئىلى رايونىنىڭ چارۋىچىلىقتا پايدىلىق تۈرلۈك شارائىتلىرىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى دېھقانچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ستراتېگىيىلىك نۇقتا قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دېھقانچىلىقتىكى ئۈستۈنلۈكنى چارۋىچىلىق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ، دېھقانچىلىق ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى، سانائەت ئارقىلىق چارۋىچىلىقنى قامداشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىككىنچى، ئۆز رايونىنىڭ مول دېھقانچىلىق-چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، يۇڭ توقۇمىچىلىق، يېمەك-ئىچمەك، كۆن-خۇرۇم قاتارلىق سانائەت تۈرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، يېمەك-ئىچمەك سانائىتىنى تۈۋرۈك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، توغرا ئىنىقلىنىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، چەتئەلنىڭ مەبلىغىنى، تېخنىكىسىنى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى قوبۇل قىلىش، يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن قوشنا بولۇشتەك پايدىلىق شارائىتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، چېگرا سودىسىنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. تۆتىنچى، ئۆز رايونىدىكى ئىشچىلارنى تېخنىكا جەھەتتىن تەربىيىلەشنى سېستىمىلىق، پىلانلىق تۈردە ئېلىپ بېرىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ تېخنىكا ساپاسىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

«شىنجاڭنىڭ قىزىلچا-شېكەرچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە» (ئاپتور: لىيۇ باۋشۈەن، «شىنجاڭ يېزا پۇل مۇئامىلىسى»، 1988-يىل 3-سان 50-، 54-بەتلەر).

بۇ ماقالىدە شىنجاڭنىڭ قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى ۋە شېكەرچىلىك جەھەتتىكى قىسقىچە ئەھۋالى بايان قىلىنغان. ماقالىدە شىنجاڭنىڭ 2000-يىلىدىكى قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىشى-شېكەرچىلىككە نەزەر سېلىنىپ، 2000-يىلى 2 مىليون 400 مىڭ مو قىزىلچا تېرىپ، 5 مىليون 750 مىڭ توننا قىزىلچا ئېلىش، 750 مىڭ توننا شېكەر ئىشلەپچىقىرىش لازىملىقىنى، شۇنداقتا، جەمئىي 345 مىليون يۈەن پايدا ئالغىلى، شېكەرنىڭ مەھسۇلات قىممىتىنى بىر تىرلىيون يۈەندىن بىر تىرلىيون 850 مىليون يۈەنگىچە يەتكۈزگىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ، ئېلېكتىر، كۆمۈر، ھاكچىلىق قاتارلىق سانائەتلەرنىڭ ۋە يېمەك-ئىچمەك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى يېتەكلىگىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئاپتور: قىزىلچا ئىشلەپچىقىرىش ۋە شېكەرچىلىكنىڭ تېز تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى تۆت تەدبىرنى قوللىنىش زۆرۈر دەپ ھېسابلىغان: 1. سىياسەتنى تېخىمۇ كەڭ قويۇۋېتىش ۋە مۇقىملاشتۇرۇش؛ 2. چەت ئەلنى جەلپ قىلىش، ئىچكى جەھەتتە ھەمكارلىشىش، توغرا ئىنىقلىنىك ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش؛ 3. مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆلەمنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىش؛ بىر قەدەر ئىلغار يېڭى-تېخنىكا ۋە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى قوللىنىش، ئىگىلىك

باشقۇرۇشنى ياخشىلاش لازىم.

«ئۈرۈمچىنىڭ يېزا - بازار كارخانىلىرى دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلار ۋە ستراتېگىيىلىك تاللاش» (ئاپتور: لۇي لىشىن، «تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش»، 1988 - يىل 12 - سان 18 — 29 - بەتلەر).

1987 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئۈرۈمچىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرى 3791 كە يەتتى، بۇ كارخانىلارغا ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 23 مىڭ كىشى بولۇپ، يېزىلاردىكى ئومۇمىي ئەمگەك كۈچىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى، يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 147 مىليون 450 مىڭ يۈەنگە، بۇنىڭدىن سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 98 مىليون 180 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، يېزىلارنىڭ سانائەت - دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 57.8 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى. ئۈرۈمچىنىڭ يېزا بازار كارخانىلىرىمۇ، تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، بەزى يېڭى ئەھۋاللار كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋاللاردىقتىتىمىزنى قوزغىشى كېرەك. ئۇلار مۇنۇلار: بىرىنچى، تەرەققىيات سۈرئىتى ئاستا بولۇش؛ ئىككىنچى، كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتى يەككە ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات سۈرئىتىدىن ئاستا بولۇش؛ ئۈچىنچى، ئىقتىسادىي ئۈنۈم تۆۋەنلەپ كېتىش، زىيان دائىرىسى كېڭىيىپ كېتىش؛ تۆتىنچى، بىر مۇنچە كارخانىلار قەرزگە بوغۇلۇپ تۇرۇپ ئىگىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش. ئەمدى تاللاشقا بولىدىغان ئۈچ يول بار: بىرىنچى ئۆز رايونىنىڭ بايلىقى ۋە بازىرىنى ئاساس قىلىپ، خام ئەشيالارنى ئۆز ئورنىدا پىششىقلاپ ئىشلەپ سېتىش. ئىككىنچى، سىرتقا يۈزلەنگەن ئىگىلىكنى كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، غەربىي يول ئارقىلىق، خەلقئارا چوڭ ئىقتىسادىي ئايلىنىشقا قاتنىشىش. ئۈچىنچى، ئۆز رايونىنىڭ مول يەر ئاستى بايلىقى ۋە يەر ئۈستى بايلىقىغا تايىنىپ، دەسلەپكى سەۋىيىلىك پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە يۇقىرى سەۋىيىلىك پىششىقلاپ ئىشلەشنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ئۆز رايونىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى ئىگىلىگەن سانائىتى ۋە «ئۈچ جەھەتتە مەھسۇلاتى يۇقىرى» بولغان مەھسۇلاتلىرىنى نۇقتىلىق راۋاجلاندۇرۇش، ستراتېگىيە جەھەتتە، شەرق، غەرب ئىككى تەرەپكە تەرەققىي قىلىش، خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئايلىنىشقا قاتنىشىش. ئاخىرىدىكى ئۈچىنچى يولنى ئۈرۈمچىدىكى يېزا - بازار كارخانىلىرىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات ستراتېگىيىسى قىلىش لازىم. ئاپتور دۇچ كەلگەن خىرىس ۋە رىقابەتكە قارىتا تۆۋەندىكى تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى تەكلىپ قىلغان:

www.uyghurkitap.com

(1) يېزا ـ بازار كارخانىلىرىدا بولغان ئەنئەنىۋى قاراشلارنى يېڭىلاش. (2) مەھسۇلات قۇرۇلمىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەش. 3 ـ خىل كەسىپنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش. سانائەت قۇرۇلمىسىنى تەدرىجىي ھالدا يېنىك سانائەت ئىپلىق قۇرۇلمىغا ئۆزگەرتىش، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق، يېمەك ـ ئىچمەك، يېڭى تېپتىكى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە قېزىش سانائىتى قاتارلىق تۆت چوڭ سانائەتنى بۇنىڭدىن كېيىن نۇقتىلىق ھالدا تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئۈچ چوڭ قوشۇمچە يېمەكلىك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە، دېھقانچىلىق رايونلىرى ۋە شەھەر ئەتراپىدىكى رايونلاردا باقمىچىلىقنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە ئوت ـ چۆپ تېرىلغۇ يەر مەيدانىنى كۆپەيتىش، تېخىمۇ كۆپ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەش لازىم. (3) مەمۇرىيەت بىلەن كارخانىنى ئايرىشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇش. (4) ئۈچقۇن پىلانىنى داۋاملىق ئىجرا قىلىپ، يېڭى تېخنىكا مەركەزلەشكەن رايونغا ئايلىنىش. (5) ئۈرۈمچىدىكى يېزا ـ بازار كارخانىلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەركىزىدە جايلاشقانلىق ئۈستۈنلۈكتىن پايدىلىنىپ، توغرا ئىنىقلىمىلىك ئىقتىسادىي ھەمكارلىقنى يولغا قويۇپ، يېزا ـ بازار كارخانىلىرىنى يېڭى بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كۆتۈرۈش لازىم.

«ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدىكى يۈزەكى قاراشلىرىم» (ئاپتور: ليۇچىڭچى، «تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش»، 1988 ـ يىل 10 ـ سان 34 — 42 ـ بەتلەر).

ماقالىدە ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆتۈرۈش شىنجاڭنىڭ تېخنىكىسىنى ۋە ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆتۈرۈش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، بۇ خىزمەتنى كۆپ خىل يول، كۆپ خىل شەكىل، كۆپ قاتلام بويىچە قانات يايدۇرۇش كېرەك. ئىختىساس ئىگىلىرىنى ئېلىپ كىرىشتە ئىگىلىك باشقۇرۇش خادىملىرى، قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنى ئاساسىي نۇقتا قىلىش كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش، نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنى دادىل ئىشلىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ باشقا جايلارغا كېتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك دەپ كۆرسىتىلگەن.

«ئۇيغۇر يېزىقى تەرەققىياتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە دەسلەپكى مۇلاھىزە» (ئاپتور: نيۇرۇجې، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ

يىل 6 - سان 73 - 75 - بەتلەر).

ماقالىدە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ئۆزگىرىش ئالاھىدىلىكىنى مۇنداق ئىككى خىل تىپقا بۆلۈشكە بولىدۇ: ئۇنىڭ بىرى، مەلۇم بىر خىل يېزىق سىستېمىسى ئىچىدە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىش، پەيدىنپەي مۇكەممەللىشىش تىپىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، IX ئەسىرگە سوزۇلغان خاقانىيە يېزىقى دەۋرى، چاغاتاي يېزىقى دەۋرى، كونا ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرى، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدىن ئىبارەت تۆرلۈك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل يېزىق قۇرۇلمىسى ۋە يېزىق سىستېمىسى جەھەتتە ئۆزگىرىش بولمىدى، پەقەت ھەرپ ۋە بەلگىلەر يا كۆپەيدى يا ئازايدى شۇنداقلا مۇكەممەللەشتى. يېزىقنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى «يېزىق شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتىلىدۇ؛ يەنە بىرى، مەلۇم بىر مىللەت ئەسلىدە مەلۇم بىر خىل يېزىقنى قوللانغان بولۇپ، كېيىن باشقا مىللەتنىڭ يېزىقىنى ئانچە-مۇنچە ئۆزگەرتىپ قوللانغان. ئۇيغۇرلار تارىختا تۆرلۈك يېزىقلارنى قوللانغان. مەسىلەن، موڭغۇل دالاسى دەۋرىدە تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان، غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، يۇقىرىقى ئىككى خىل يېزىقنى بىر مەزگىل داۋاملىق قوللانغاندىن سىرت، يەنە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، سۇرىيە يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، تۈبۈت يېزىقى، ئەرەب يېزىقى قاتارلىق يېزىقلارنى قوللانغان. يېزىقنىڭ بۇنداق ئۆزگىرىشى «يېزىقنىڭ ئۆزگىرىشى» دەپ ئاتىلىدۇ.

«XV ئەسىردىكى شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدىنىش» (ئاپتورى: تيەن ۋېيجاڭ، «مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1988 - يىل 5 - سان 89 — 96 - بەتلەر).

بۇ ماقالىدە جۇڭگونىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ تارىخ ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، شەرقىي چاغاتاي خانلىقىنىڭ مىلادى XV ئەسىردە ئېسەن بۇقاخان ۋە يۇنۇسخان ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى تارىخى بايان قىلىنغان، مۇنازىرە بولۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەر، مەسىلەن، ئېسەن بۇقىنىڭ تەختكە چىققان ۋاقتى، ئۆلگەن يىلى، يۇنۇس بىلەن ئېلى بىر كىشىمۇ؟ ئىسىل خوجا قانداق كىشى دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدەنگەن.

«غالدانخان ھەققىدە مۇلاھىزە» (ئاپتورى: باخى، «شىنجاڭ سىفەن داشۆ ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 - يىل 4 - سان 10 — 17 - بەتلەر).

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

غالدانخان (1644 — 1697) موڭغۇل تارىخىدىكى مۇھىم شەخس. لېكىن مەملىكىتىمىزدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدا ئىختىلاپ بار. ئاپتور غالدانخاننىڭ ھاياتى ۋە ئىش ئىزلىرىنى تەھلىل قىلىپ، غالدانخاننى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. ئۇنىڭ تارىختىكى ئىلغار رولى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ دەپ ھېسابلىغان. غالدان ئاتاقلىق سىياسىئون ۋە ھەربىي قوماندان.

VXII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا موڭغۇللارنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ۋەكىللىك قىلغان شەخس. ئۇنىڭ تۆھپىسى شۇكى، بىرىنچى، ئۇ موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى. ئىككىنچى، جۇڭغار خانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە قۇدرەت تاپقۇزۇش، خانلىق ھوقۇقىنى كۈچەيتىشتە ناھايىتى چوڭ رول ئويناپ، كېيىنكى غالدان سىرىن دەۋرىدىكى زور تەرەققىياتقا ئۇل سالدى. ئۈچىنچى، غەربىي رايون بىلەن موڭغۇل يايلىقىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۈيۈك بىرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ئاساس سالدى، لېكىن ئۇنىڭ بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىغا، مەدەنىيىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەك.

«يارغول مىڭئۆيىنى تەكشۈرۈشتىن خاتىرە» (ئاپتورى: لىيۇ خۇڭلياڭ، «دۇنخۇاڭ تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 4 ـ سان 45 — 50 ـ بەتلەر).

يارغول مىڭئۆيى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان شەھىرىنىڭ غەربىدىن 10 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يارغول قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىدىكى دەريا ۋادىسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان. كېمىر ئۆي رايونىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 مېتىر بولۇپ، ھازىر نومۇر قويۇلغان يەتتە كېمىر ئۆي بار. مەزكۇر ماقالىدە بۇ يەتتە كېمىر ئۆينىڭ شەكلى، كېمىر ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلىرى، جۈملىدىن بۇ ئۆيلەردىكى بۇددا ھەيكەللىرى، ھايۋاناتلارنىڭ، گۈل ـ گىياھلارنىڭ، قۇشلارنىڭ سۈرىتى، خەنزۇچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە، تۈركچە بېغىشلىمىلار تونۇشتۇرۇلغان. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ھازىرقى كېمىر ئۆيلەر ئالدى قوس (قوسۇ) خان جەمەتلىرىگە ئاتاپ، ئالدى قوس خانلىقى دەۋرىدە ياسالغان. بولۇپمۇ 4 ـ، 7 ـ نومۇرلۇق كېمىر ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبى بېزەكلىكتىكى 18 ـ، 31 ـ، 33 ـ نومۇرلۇق كېمىر ئۆيلەردىكى تام سۈرەتلىرىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. قوسلارنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن خەنزۇ مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى چەتنىڭ بۇددا دىنى سەنئىتىنى قوبۇل قىلىش داۋامىدا بۇ خىل ئوخشاشلىقنى تېخىمۇ كۈچلۈك ئەكس ئەتتۈرگەن دېمەي بولمايدۇ.

«مەملىكىتىمىزدىكى ئالتاي، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدىكى ساك ـ هۇن مەدەنىيىتى توغرىسىدا» (ئاپتورى: جاڭ جىياۋ، «مەركىزىي مىللەتلەر شۆيۈەنى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1988 ـ يىل 6 ـ سان 38 ـــ 45 ـ بەتلەر).

ئاپتور بۇ ماقالىدە مەملىكىتىمىزدىكى ئالتاي، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدە يېقىندىن بۇيان تېپىلغان ساكلارنىڭ مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بىر تۈركۈم مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىنى تونۇشتۇرغان. ئالتاي، تىيانشان تاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە شەرقىدە يېقىندىن بۇيان تېپىلغان دەسلەپكى دەۋرلەرگە ئائىت مەدەنىيەتنى ساكلار ۋە هۇنلارغا تەئەللۇق دەپ كۆرسەتكەن. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقى ئىزلىرىدا ساك مەدەنىيىتى بىلەن هۇن مەدەنىيىتىنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلىرى: هايۋانلارنى تۇتېم قىلىش، هايۋانلارنى سوقۇشتۇرۇش، هايۋانلار بىلەن ئېلىشىش، باش سۆڭىكىنى تېشىش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەر بار. بۇ خىل قوشۇلۇش ۋە بىردەكلىكنى مۇنۇ ئىككى سەۋەب پەيدا قىلغان. دىنىي ئامىل: شامان دىنى مۇھىتىدا ساقلىنىپ قالغان. تارىخىي ئامىل: ساكلار مەدەنىيىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيسۇن مەدەنىيىتى هۇن مەدەنىيىتى بىلەن باغلىنىشلىق. ئۇيسۇنلار هۇن ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى بولغان، ئۇلار ئۆز ئارا قۇدا ـ باجا بولۇشقان. ئۇيسۇنلارنىڭ ئەجدادى ـــ ئىسسىدونلار كەم دېگەندە مىلادىدىن ئاۋۋالقى V ئەسىردە تەدرىجىي موڭغۇللىشىپ بولغان. ساك ـ هۇن مەدەنىيىتىنىڭ يىل دەۋرىنى يىن ـ شاڭ سۇلالىلىرى دەۋرى مەدەنىيىتى ئالتاينىڭ دەسلەپكى كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن قوشۇلغان دەۋرگە سۈرۈش مۇمكىن.

«يەركەن خانلىقىنىڭ قىسقىچە سىياسىي تارىخى» (ئاپتورى: ۋېي لياڭتاۋ، «غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 1 ـ سان 58 ـــ 68 ـ بەتلەر).

ئاپتور بۇ ماقالىدە يەركەن خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى، قۇدرەت تېپىشى، هالاك بولۇشىغا دائىر تارىخىنى ئەتراپلىق بايان قىلغان. بۇ خانلىقنىڭ هۆكۈم سۈرگەن يىل دەۋرىنى ۋە هۆكۈمرانلارنىڭ نەسەبنامىسىنى جەدۋەللەشتۈرۈپ كۆرسىتىپ بەرگەن. يەركەن خانلىقى دەۋرى شىنجاڭدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇهىم بىر دەۋر دەپ كۆرسەتكەن. موڭغۇللار تۈركلىشىش ۋە مۇسۇلمان بولۇش جەريانىدا ئاخىرى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۇيغۇرلار پۈتكۈل مىللەتنىڭ مۇسۇلمان بولۇش ئىشىنى تاماملىغان. ئىسلام مەدەنىيىتى ئەلكىدىكى ۋە بۇددا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيىتى ئىلكىدىكى سىياسىي رايونلارنى بىرلەشتۈرگەن . قازاق، قىرغىز قاتارلىق قەدىمىي مىللەتلەر تەرەققىي قىلىپ، ئاخىرى يېقىنقى زامان مىللەتـ لىرى بولۇپ شەكىللەنگەن. يەركەن خانلىقى دەۋرى شىنجاڭ تارىخىدا ئىقتىساد، مەدەنىيەت گۈللەپ ـ ياشنىغان دەۋر بولغان. ئىقتىساد ئاستا ـ ئاستا يۈكـ سەلگەن، مەدەنىيەتمۇ جانلانغان. بىر تۈركۈم يازغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرى مەيدانغا كەلگەن. مەسىلەن، مۇھەممەت ھەيدەر دوغلات «تارىخى رەشىدى» نى، شاھ مەھمۇت چوراس «يىلنامە» قاتارلىقلارنى يازغان. يەركەن خانلىقى مىڭ سۇلالىسى بىلەن ئالاقە قىلىشىنى «ئالتۇن يول» دەپ قاراپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭ رايونلىرى بىلەن بولغان سىياسىي ـ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قويۇق مۇناسىۋەتنى باشتىن ـ ئاخىر ساقلاپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسىنىڭ بۇ رايوننى مەمۇرىي جەھەتتىن بىۋاسىتە باشقۇرۇشىغا شارائىت ھازىرلىغان.

«سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى» («خۇاڭتو ئۇيغۇرلىرى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەنىسى») (ئاپتورى: گاۋزىخو، «غەربىي ـ شىمال مىللەتلەر تەتقىقاتى»، 1988 ـ يىل 1 ـ سان 131 — 144 ـ بەتلەر).

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ئۇيغۇر جەمئىيىتى تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن ئېتىبارەن بۆلۈنۈشكە باشلىغان، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلـ گەندە كۆزنىسايىن كۈچەيگەن، ئۈچ چوڭ ئۇيغۇر خانلىقى — گەنجۇ ئۇيغۇر خانـ لىقى، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، قارا خانىلار خانلىقىدىن باشقا، يەنە بىر مۇنچە ئاجىزراق ئۇيغۇر گۇرۇھلىرى، مەسىلەن، ساجۇ ئۇيغۇرلىرى [دۇنخۇاڭ ئۇيغۇرلىرى — ت]، كۈسەن ئۇيغۇرلىرى، «خۇاڭتو ئۇيغۇرلىرى» مۇ بولغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ بۆلۈنۈپ كېتىشى كۈچەيگەن چارۋىچىلىق ئىگىلىكىگە ماس كېلىپ، فېئودال ھەربىي ئىستىپاقنى، زېمىن بۆلۈشۈۋېلىپ چارۋىچىلىق قىلىدىغان، ھەممىلا جايدا قەۋملار قوشۇلۇپ كەتكەن، ئۆز ئارا ھەم مۇناسىۋەتلىك ھەم پەرقلىق بولغان ھالەتنى شەكىللەندۈرگەن. خەنزۇچە ماتېرىياللاردا فېئودال بۆلۈنمە گۇرۇھلارغا تەۋە مىللەتلەرنىڭ نامىنىڭ ئالدىغا ئۇلار چارۋىچىلىق قىلغان رايونلارنىڭ نامىنى قوشۇپ، ئۇلارنى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن. «黄头» («سېرىق باش») ئەسلىدە يەر نامى بولۇپ، «suri» «疏勒» نىڭ فاموۋاپىق مەنە تەرجىمىسىدۇر.

«تۇرپان رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ماتېرىيالى» (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىـ

كارلىقلىرىنى تەكشۈرۈش ئىشخانىسى تۇرپان ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى تەكشۈرۈش ئەترىتى، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، 1988 - يىل 3 - سان 1 — 84 - بەتلەر).

مەزكۇر ماتېرىيالدا كىرىش سۆز ۋە خاتىمە بولغاندىن باشقا، ئۇنىڭدا يەنە تۇرپان رايونىدىكى — تۇرپان شەھىرىدىكى، توقسۇن ناھىيىسىدىكى، پىچان ناھىيىسىدىكى — مەدەنىيەت ئىزلىرى دەۋرلەر بويىچە تۆت بۆلۈم، ئالتە قىسىمغا بۆلۈپ تونۇشتۇرۇلغان ھەمدە تۇرپان رايونىدىكى مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى قوشۇمچە قىلىنغان. بۇ ئالتە قىسىمنىڭ مەزمۇنى: 1) ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرىدىن يېڭى تاش قورال دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزلىرى. 2) ئەمنىيە، يېغىلىق دەۋرلىرىدىن خەن سۇلالىسى دەۋرىگىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق مەدەنىيەت ئىزلىرى، لەھەتلەر ۋە قىيا تاش سۈرەتلىرى. 3) جىن — تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدىن سۇڭ — لياۋ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق قەدىمكى شەھەرلەر، قورغانلار، تۇرلار. 4) جىن — تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن سۇڭ - يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق مىڭئۆيلەر، بۇددا مۇنارلىرى ۋە تاش ئويمىلار. 5) جىن — تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىن سۇڭ-يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىگىچە بولغان مەزگىلگە تەئەللۇق لەھەتلەر ۋە چارۋا كۆمۈلگەن ئورەكلەر. 6) چىڭ سۇلالىسى دەۋرلىرىدىكى لەنگەرلەر ۋە مىللىي ئۇسلۇبتىكى قۇرۇلۇشلار. جەمئىي 71 ئورۇندىكى قەبرە، قىيا تاش سۈرەتلىرى، قەدىمىي شەھەرلەر، مىڭئۆيلەر تونۇشتۇرۇلغان. بۇ ماتېرىيالدا مەدەنىيەت ئىزلىرىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى، تاشقى كۆرۈنۈشى، ئۇيەرلەردىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، ئۇنىڭغا يەنە 38 پارچە سۈرەت قوشۇمچە قىلىنغان.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئۇچۇرى» ژۇرنىلىنىڭ 1989 - يىل 1 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى).

تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت توختى

ھەبىبۇللا خوجا

# مانى يېزىقىدىكى ۋە مانى يېزىقىدا تۈرك تىلى خاتىرىلەنگەن يازما يادىكارلىقلار

نيۇ رۇجى

مانى دىنىنى پەرسىيەلىك مانى مىلادى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىجاد قىلغان، بۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسىنىڭ يادروسى — «ئىككى مەنبە»، «ئۈچ زامان» دىن ئىبارەت. «ئىككى مەنبە» — يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنى، «ئۈچ زامان» — دەسلەپكى زامان، ئارىلىقتىكى زامان، ئاخىر زاماننى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلارنىڭ ئەقىدىسىدە باشتىن - ئاخىر ياخشىلىق بىلەن يامانلىقنىڭ كۈرەشلىشىپ كېتىشىدىن ئىبارەت ئىككى مەنبەچىلىك ئىدىيىسى، رېئال جەمئىيەتتىن قاتتىق بىزار بولۇش ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىش پوزىتسىيىسى، روھنىڭ قۇتقازغۇچى ئىكەنلىكىگە، يورۇقلۇقنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا بولغان قەتئىي ئىشەنچ ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ دەسلەپىدە، گېرمانىيىلىك ئالىم لېكوك شىنجاڭنىڭ تۇرپان رايونىدىن قەدىمكى مانى دىنىغا ئائىت نۇرغۇن كىتتۈك ۋاراق (فراگمېنت) لارنى تېپىپ، ئۇلاردىن نەچچە مىڭ پارچىدىن كۆپرەك ۋاراقلارنى يىغىۋالدى. ئۇ يەنە بىر يەر ئاستى مانى دىنى كىتاب ئىسكىلاتىنى تاپقان بولسىمۇ، ساقلىنىۋاتقان كىتابلار سۇدا چىرىپ كەتكەچكە ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئىلاج قىلالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرى دۇنخۇاڭدىكى موگاۋكو مىڭئۆينىڭ كىتاب ئىسكىلاتىدىنمۇ مانى دىنىغا ئائىت ئۈچ پارچە خەنزۇچە ۋەسىقىنى تاپتى. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مانى دىنى خېلى بۇرۇنلا جۇڭگوغا تارقالغان دېگەن تونۇشقا كەلدى. بۇرۇن سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «بۇددا ھەققىدە خاتىرە» دېگەن كىتابتىكى «يەنجەيىنىڭ تۇنجى يىلى پەرسىيەلىك مۇخلىس ‹ئىككى مەنبەلىك نوم› نى ئېلىپ ساختا دىنىنى تەشۋىق قىلىشقا سۇلالىمىزگە كەلدى» دېگەن مەلۇماتقا ئاساسەن، مانى دىنى تاڭ سۇلالىسىنىڭ خانى ۋۇزېتيەنىنىڭ يەنجەي تۇنجى يىلى (مىلادى 694 - يىلى) جۇڭگوغا تارالغان دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. مېنىڭچە، جۇڭگونىڭ

تارىخ كىتابلىرىغا ئاساسلانغاندا، III ئەسىردە مانى دىنى ئىجاد
قىلىنغاندىن تارتىپ 694 - يىلغىچە بولغان بۇ بىر نەچچە يۈز يىل
مابەينىدە، غەربىي رايون بىلەن جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرى قويۇق
مۇناسىۋەت قىلغان، سودىگەرلەر، دىندارلار، ئەلچىلەر باردى - كەلدى
قىلىشىپ تۇرغان، غەربىي رايونلۇق نۇرغۇن كىشىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە
كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان، شۇڭا مانى دىنى ئىچكىرىدىكى خەلقلەر
ئارىسىدا تارقالغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن، ئۇيغۇرلار تاڭ
سۇلالىسىنىڭ ئۆكتىلۇك - سۈيگىن (ئەنلۇشەن - شى سىمىڭ) توپىلىڭىنى
تىنجىتىشىغا ياردەم بەرگەنىدىن كېيىن، مىلادى 763 - يىلى قاغان ئەسكەر-
لىرىنى دۆلىتىگە قايتۇرۇپ كېتىۋاتقان چاغدا، تۆت مانى دىنى راھىبىنى
ئۇيغۇرلار رايونىغا بېرىپ دىن تارقىتىشقا تەكلىپ قىلغان. شۇ يىلى بۆكە
قاغان مانى دىنىنى دۆلەت دىنى قىلىپ بېكىتكەن، شۇنىڭ بىلەن دۆلەت
بويىچە ھەممە كىشى مۇشۇ دىنغا ئېتىقاد قىلغان.

مانى دىنىنىڭ «رەسمىي» يېزىقى — مانى يېزىقى بولۇپ، بۇ يېزىق دەس-
لەپتە ئىران تىلىنى خاتىرىلەشكە تازا باپ كېلەتتى. بۇ يېزىقنىڭ شەكلى
ئىنتايىن چىرايلىق، بۇ يېزىق 22 ھەرپلىك سېمىت يېزىقىنى ۋاستىلىق مەنبە
قىلغان بولسىمۇ، ئارامى يېزىقىنىڭ تۈرلۈك تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى باشتىن
كەچۈرگەنىدىن كېيىن، سۈرىيىنىڭ 28 ھەرپلىك ئېستىر ئانگېلو يېزىقىنى
بىۋاستە مەنبە قىلغان. مىلادى III ئەسىردە مانى بۇ يېزىقنى ئىران تىلىغا
لايىقلاشتۇرغان بولسا كېرەك. مانى يېزىقىدا دەسلەپتە بىر خەت كۆپ تاۋ-
ۇشنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، كېيىنچە بەزى بەلگىلەرنى قوللىنىش
ئارقىلىق بۇ خىل ئەھۋال ئازايتىلغان. بۇ خىل يېزىقنىڭ خەت شەكلى
ئاددىي، ئېنىق بولۇپ، ئوقۇش ئاسان ئىدى. ئادەتتە ھەر خىل رەڭلىك
قەغەزلەرگە يېزىشقا تېخىمۇ ماس كېلەتتى. بۇ يېزىقتىكى سوزۇق تاۋۇش
ھەرپلىرىنىڭ ئىپادىلىنىشى سوغدىچە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە خەتلەرنىڭكىگە
ئوخشايتتى، خەت ئوڭدىن سولغا توغرىسىغا يېزىلاتتى، بەلگىلەر كىچىك
چەمبىرەك ئىچىگە ئىككى چېكىت قويۇش ئارقىلىق ئىپادە قىلىناتتى.

مانى يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپى تۇرپان بىلەن
دۇنخۇاڭدىن تېپىلدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيىلىك ئېكىس-
پېدىتسىيىچى لېكوك تۇرپاندىكى تويۇقتىن تۈرك يېزىقى ھەرپلىرى
بىلەن مانى يېزىقى ھەرپلىرى سېلىشتۇرۇلغان بىر پارچە جەدۋەلنىڭ كەم-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۈك ۋارىقىنى تاپتى. ئۇنىڭ بىر تەرىپىنىڭ يۇقىرىسىدا 19 تۈرك ھەرىپى، ئۇنىڭ تۆۋىنىدە مانى يېزىقى ھەرپلىرىنىڭ ئاۋۇش بەلگىسى، يەنە بىر تەرىپىدە دىنىي مەزمۇندىكى بەش قۇر خەنزۇچە خەت بار. بۇ مانى دىنىي مۇرىتلىرى تۈرك يېزىقىنى ئۆگىنىشتە پايدىلانغان ئاساس ئەتىقە بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈشتىن ئىلگىرىلا مانى يېزىقىنى بىلگەنلىكىنىڭ ئىپتىدائىي چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن تۇرپان رايونىدا ھەم تۈرك يېزىقىنى ھەم مانى يېزىقىنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن. قىزىقارلىقى شۇكى، ئۇ بىر ۋاراق ھەرپلەر جەدۋىلىدىكى 1 ـ ۋە 15 ـ تۈرك ھەرپلىرى ئورخۇن ـ يېنسەي تۈرك يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلاردا ئۇچرىمايدۇ.

پروفېسسور گابائىن «تۈركچە تۇرپان تېكىستلىرى» IX نىڭ 6 ـ بېتىدە تۈركلەرنىڭ مانى مۇرىتلىرىغا ئايلانغان ۋاقتى مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدەنگەن. ئۇيغۇر قاغانى 763 ـ يىلى مانى دىنىغا رەسمىي ئېتىقاد قىلغان، بۇ يىلنى مانى مۇخلىسلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كىرىشى دېگەندىن كۆرە، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئەۋج ئالغان يىل دېگەن توغرا. گابائىننىڭ قارىشىچە، مانى دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا 763 ـ يىلدىن بۇرۇنراق تارقالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن مىلادى 700 ـ يىلدىن بۇرۇن بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. مانى يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار يېزىلغان قەغەزلەر X ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا تەئەللۇق. لېكىن بۇ يازما يادىكارلىقلاردا جەزمەن شۇ ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئەھۋاللار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

(«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ئىچكى ژۇرنىلىنىڭ 1989 ـ يىل 3 ـ سانىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

---

## چابىش

چابىش (چۈبە) ــ قەدىمكى تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى. بۈگۈنكى قارا شەھەرنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يۇلدۇز دەرياسىنىڭ ۋادىلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپتە تۈركلەرگە تەۋە بولغان. مىلادى 605 ـ يىلى تۈركلەرنىڭ چۇلۇق قاغانىغا قارشى چىقىپ، قەبىلە باشلىقى گېلىگنى بىلگە قاغانلىققا كۆتەرگەن. ئۇ تاغان تېغى (تىيانشاننىڭ شەرقىي قىسمى) نى ساقلاپ، قوچو، قاراشەھەر، ئېۋىرغول قاتارلىق جايلارنى ئىلكىدە تۇتقان. مىلادى 632 ـ يىلى تاڭ سۇلالىسىگە بېقىندى قىلغان.

# شىنجاڭ تارىخىغا ئائىت ئاتالغۇلارغا ئىزاھ

## ساكلار

ساكلار (سەكلار، ساقلار) بۇنىڭدىن 2 500 يىل ئىلگىرى پامىر، تىيانشان بويلىرى ۋە شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان. باشقا كۆچمەن چارۋىچى خەلقلەرگە ئوخشاش سۇ- ئوتلاق بويلاپ كۆچۈپ يۈرگەن ھەمدە مەدەن تاۋلاشنى، تۆمۈر قوراللارنى ياساشنى بىلگەن. مىلادىدىن بۇرۇنقى III ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ، دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بەرپا قىلغان، ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «ساك پادىشاھى» دەپ ئاتالغان.

ساكلار ئۇچلۇق قالپاق كىيىشنى، مېتالدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇملىرىنى تاقاشنى ياخشى كۆرگەن.

قەدىمكى ساكلار غەربىي رايونغا كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ تارىخىدا مۇھىم رول ئوينىغان.

## ئۇيسۇنلار

ئۇيسۇنلار — ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى خەلق، ئۇلار دەسلەپتە ھازىرقى گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ دۇنخۇاڭ، چىلەنشەن تېغى بويلىرىدا ياشىغان بولۇپ، دائىم دىڭگۇدەك قوشنىسى ياۋچىلارنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىغان. كېيىنچە ھۇنلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

ياۋچىلار غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئۇيسۇنلار تەدرىجىي قۇدرەت تېپىپ ياۋچىلارغا ھۇجۇم قوزغاپ، بۈگۈنكى ئىلى دەرياسى بويلىرى ۋە ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى رايونلارنى ئىگىلەپ دۆلەت قۇرغان، ئۇلار داۋاملىق كۆچمەن چارۋىچىلىقنى ئاساس، ئوۋچىلىقنى قوشۇمچە قىلىپ ياشىغان.

جاڭ چيەن غەربىي رايونغا ئەلچىلىككە كەلگەندىن كېيىن، خەن سۇلالىسى ئوردىسى ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ شى جۈن مەلىكە بىلەن جېيۇ (غەمخالاس) مەلىكىنى ئۇيسۇن خانىغا ياتلىق قىلىپ، ئۇيسۇنلار بىلەن ئىتتىپاق تۈزگەن، جەنۇبىي - شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، ئۇيسۇنلار جۇجانلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچ-

www.uyghurkitap.com

راپ كۆكئارت (پامىر) قا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئۇيسۇنلار قوشنا قوۋملارغا قوشۇلۇپ كەتكەن. ھازىر قازاقلار ئارىسىدا ئۇيسۇن قەبىلىسى بار.

### ياپيان

غەربىي رايوندىكى قەدىمكى دۆلەت نامى ھەم ئەشۇ دۆلەتتە ياشىغان خەلقلەرنىڭ نامى. ئۇلار ئەسلى شىمالىي ھۇنلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئىدى. شىمالىي ھۇنلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىپ، ماكانىدىن قوغلاپ چىقىرىلغاندىن كېيىن غەربكە — كانگىيە (سەمەرقەنت) گە كۆچكەن. ئۇلارنىڭ قىرىچۆرىلىرى كۈسەن (كۇچا) نىڭ شىمالىدا قېلىپ دۆلەت قۇرغان. بۇ دۆلەت ياپيان دۆلىتى دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ ئەتراپىتىكى زېمىن دائىرىسى نەچچە مىڭ چاقىرىم، ئاھالىسى 20 مىڭ تۈتۈن (ئائىلە) بولغان. ئۇلار دەسلەپتە جۇجانلار بىلەن ئىناق ئۆتكەن بولسىمۇ، كېيىنچە دۈشمەنلىشىپ قالغان ۋە بىر-بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلغان. مىلادى 448 - يىلى شىمالىي ۋېي خانلىقىغا ئەلچى ئەۋەتىپ جۇجانلارغا زەربە بېرىشنى ئۆتۈنگەن. شىمالىي ۋېي خانلىقىنىڭ تەيۋۇخانى خۇەيىن ۋاڭنى قوشۇن باشلاپ ياپيان قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە جۇجانلارغا زەربە بېرىشكە ئەۋەتكەن. كېيىن ياپيان دۆلىتىنىڭ مۆزىكىسى ۋېي خانلىقىغا تارقىلىپ «ياپيان مۆزىكىسى» دەپ ئاتالغان.

### كۇەيخۇ

چىن خانلىقىنىڭ تەيكاڭ يىللىرى (مىلادى 285 - يىلى) كىنگىت (قاراشەھەر) خانى ئەن كۇەيخۇلاردىن خوتۇن ئالغان. تۇغۇلغان بالىسىنىڭ ئىسمى خۇي دەپ ئاتالغان. ئالدىنقى چىن دۆلىتىنىڭ خانى فۇجيەننىڭ تەييۈەن 8 - يىلى (مىلادى 383 - يىلى)، لۈي گۇاڭ غەربىي رايونغا يۈرۈش قىلغان. كۈسەن (كۇچا) خانى بەيتۇن قارشىلىق كۆرسەتكەن. لۈي گۇاڭ كۈسەن شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلغان. بەيتۇن كۇەيخۇلاردىن ياردەم تىلىگەن. كۇەيخۇ ئىنىسى نارۇن باشچىلىقىدا 20 مىڭ چەۋەندازنى ياردەمگە ئەۋەتكەن. ئۇلار سەپەرباي (بۈگۈنكى ئاقچى ناھىيىسى) قاتارلىق بەگلىكلەرنىڭ خانلىرى باشچىلىق قىلغان قوشۇنغا قوشۇلۇپ، جەمئىي 70 تۈمەن (؟) كىشىلىك قوشۇن بىلەن كۈسەننى مۇھاسىرىدىن قۇتۇلدۇرغان. كېيىن لۈي گۇاڭ تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغان. 100 يىل ئۆتكەندىن كېيىن كۇەيخۇ دېگەن نام بىر بەگلىكنىڭ ياكى غەربكە كۆچكەن ھۇنلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ نامىغا ئايلانغان. شۇ چاغدا ئۇ بەگلىكنىڭ زېمىن دائىرىسى ئىسسىق كۆل بويلىرىدا ئىدى.

## كەنكۈن

خەن، ۋېي سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدە شىمال تەرەپلەردە ياشىغان قەدىمكى كۆچمەن چارۋىچى مىللەت، قىرغىزلارنىڭ ئەجدادلىرى. ئۇلار دەسلەپتە ھۇن ئېلىنىڭ شىمالىدا، يەنى بۈگۈنكى يېنىسەي دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىدا ياشىغان. خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ھۇنلارنىڭ مودۇ (باتۇر) تەڭرىقۇتى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. كېيىن دىڭلىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق ئەجدادى) قاتارلىقلار بىلەن بىللە ھۇن ئاقسۆڭەكلىرىگە قارشى تۇرغان. مىلادىدىن بۇرۇنقى I ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، جەنۇبىي ھۇن تەڭرىقۇتى قوغىشار خەن سۇلالىسىگە بەيئەت قىلغاندا، شىمالىي ھۇن تەڭرىقۇتى قوتئۇش (قۇتئۇس) غەربكە كۆچۈپ كەلكۈنلەرنى مەغلۇپ قىلغان ھەمدە ئۇلارنىڭ زېمىنىدا تەختىگاھ قۇرغان. مىلادى III ئەسىردە ئۇلارنىڭ ئۈچ تۈمەن كىشىلىك قوشۇنى بولغان، كۆچمەن چارۋىچىلىق ۋە ئوۋچىلىق قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرگەن. جىن سۇلالىسى، جەنۇبىي- شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرلىرىدە سىيانپىلارنىڭ ياكى ئېگىز قاڭقىلىقلار (ئېگىز ھارۋىلىقلار) نىڭ ۋە ياكى تېلېلارنىڭ قوۋمى بولغان. VI ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تۈركلەر باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ئۇلارغا بېقىنغان بولسىمۇ، پۇرسەت تاپسىلا قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرغان.

## ۋۇخۇ

ۋۇخۇ (ئوغۇز) لار — تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى، قوچو (بۈگۈنكى تۇرپان ناھىيەسى) نىڭ شىمالىدىكى تاغدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. تۈركلەر قۇدرەت تاپقاندا، ئۇلارغا بېقىنغان. تۈركلەر ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەندىن كېيىن غەربىي تۈركلەرگە تەۋە بولغان. كېيىن غەربكە — سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا كۆچكەن.

## تۇڭرا

تۇڭرا — قەدىمكى خەلق تېلېلارنىڭ بىر قەبىلىسى. مىلادى VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. كېيىن تۈرك خانلىقىغا بەيئەت قىلغان. سۈي سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ۋېيخې (ئۇيغۇر)، بۆكە قاتارلىق قەبىلىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، تۈركلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارشى چىققان. بۇ قەبىلىلەر ئۆزلىرىنى خۇيخې (ئۇيغۇر) دەپ ئاتىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ جېنگۇەن 20 - يىلى (مىلادى 646 - يىلى) سىرتاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ زېمىنىدا گۇيلىن ئايمىقى تەسىس قىلىنىپ،

يەنرەن ئۆتۈك مەھكىمىسىگە تەۋە بولغان.

### ئىزگىل

ئىزگىل — قەدىمكى خەلق تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى. تۇلا دەرياسىنىڭ شىمالىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپتە تۈركلەرگە، كېيىن سىر تاردۇشلارغا بېقىنغان. سىر تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ زېمىنىدا ئۇلارنىڭ لۇشەن ئايمىقى تەسىس قىلىنغان.

### داك

داك — قەدىمكى خەلق تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى. ئالتۇنتاغ (ئالتاي تېغى) نىڭ غەربىي جەنۇبىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپتە تۈركلەرگە، كېيىن سىر تاردۇشلارغا بەيئەت قىلغان. تاڭ سۇلالىسى جېنگۇەننىڭ 20 ـ يىلى (مىلادى 646 ـ يىلى) سىر تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن تاڭ سۇلالىسىگە بېقىنغان.

### غۇن

غۇن — قەدىمكى خەلق تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى، ئۇلارنىڭ زېمىنى تېلې قەبىلىلىرى ئىچىدە ئەڭ جەنۇبقا جايلاشقان. ئۇلار دەسلەپتە تۈركلەرگە، كېيىن سىر تاردۇشلارغا بەيئەت قىلغان. مىلادى 744 ـ يىلدىن كېيىن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىغا تەۋە بولغان.

### ئادىز

ئادىز — قەدىمكى خەلق تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى. VI ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىدىل (ۋولگا) دەرياسى بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق قىلغان. دەسلەپتە تۈركلەرگە، كېيىن سىر تادۇشلارغا بېقىنغان. مىلادى 646 ـ يىلى سىر تاردۇشلار يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ زېمىنىدا جىشيەن ئايمىقى تەسىس قىلىنغان.

### باسمىل

باسمىل — قەدىمكى خەلق تېلىلارنىڭ بىر قەبىلىسى. ئۇلار ئەسلىدە ئۈرۈمچىنىڭ شىمالىدىكى بوغدا تېغى ئېتەكلىرىدە، بايقال كۆلىنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ بويلىرىدا تارقىلىپ ماكانلاشقان بولۇپ، ئوۋچىلىققا ماھىر ئىدى. تۈركلەر ئۇلارنى قازارەتچى ئەۋەتىپ باشقۇرغان. كېيىن غەربكە كۆچۈپ چابىش قاغانغا تەۋە بولغان.

648 - يىلى تاڭ سۇلالىسىگە، كېيىن تۈركلەرگە تەۋە بولغان. 716 - يىلى يەنە تاڭ سۇلالىسىگە تەۋە بولغان.

## ئويرات موڭغۇللىرى

ئويراتلار موڭغۇللار قۇرغان يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئېلوتلار، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئويراتلار دەپ ئاتالغان. XV ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، توگۇن، ئېسەن بوقا دەۋرلىرىدە، ئويراتلار تازا قۇدرەت تاپقان. ئويرات موڭغۇللىرى كېيىن جۇڭغارلار، توربۇتلار، خوشۇتلار، تورغاۋۇتلاردىن ئىبارەت تۆت چوڭ قەبىلىنى شەكىللەندۈرگەن. XVI ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، ئۇلار قالقا موڭغۇللىرىنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىغاچقا، تەدرىجىي غەربكە سۈرۈلۈپ، ئېرتىش دەرياسى بويلىرىغا، تىيانشاننىڭ شىمالىغا، بالقاش كۆلىنىڭ شەرق ۋە جەنۇب تەرەپلىرىدىكى كەڭ رايونلارغا كۆچۈپ كەلگەن. XVII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، تورغاۋۇتلار پارچىلىنىپ، بىر قىسمى غەربكە — ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا، تۆۋەن ئېقىنلىرىغا كۆچۈپ كەتكەن، خوشۇتلار بولسا چىڭخەي، شىزاڭ ئېگىزلىكىگە كۆچۈپ كەتكەن. جۇڭغارلار بىلەن توربۇتلار شىنجاڭدا قېپقالغان.

1771 - يىلى تورغاۋۇتلارنىڭ كۆپ قىسمى چاررۇسىيىنىڭ زۇلۇمىغا چىدىماي، شەرققە — يۇرت - ماكانىغا قايتىپ كەلگەن. چىڭ سۇلالىسى ئۇلارنى يۇلتۇز ۋادىسى، قۇبۇقسار، شىخۇ، قوبدۇ قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلاشتۇرغان. شىنجاڭدىكى ھازىرقى ئويرات موڭغۇللىرى ئاساسەن ئەشۇلاردىن تەشكىل تاپقان.

(«شىنجاڭ تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 2 - سانىدىن ۋە «كالىندارىدىكى بىلىملەر» دىن تاللاپ، قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى)

ئابلەت نۇردۇن تەرجىمىسى

# ھىلاكۇخان ۋە ئابباسىلار خەلىپىلىكى

يۈسۈپجان ياسىن

شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە ئالتۇن تاغقىچە، شىمالدا بايقال كۆلىدىن جەنۇبتا گوبى چۆللۈكىگىچە بولغان كەڭرى موڭغۇل يايلىقىدا، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەربىي قۇللۇق تۈزۈمىدىكى قۇدرەتلىك موڭغۇل خانلىقى باش كۆتۈرۈپ چىقتى.

شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ خانلىق ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىغا خېلى زور تەسىر كۆرسەتتى. سىرتقا قارىتا ھەربىي كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى قوللىنىپ، 1218 - يىلدىن 1233 - يىلغىچە 1 - قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى ①؛ 1236 - يىلدىن 1242 - يىلغىچە 2 - قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى ②، 1253 - يىلدىن 1259 - يىلغىچە 3 - قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشنى ئېلىپ بېرىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك، ئوتتۇرا ئاسىيا ④، غەربىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپانىڭ بىر قىسمىنى ئىستېلا قىلدى. ئىستېلا قىلىنغان زېمىندا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» ③، «موغۇلىستان خانلىقى» ⑤، «تۆمۈرلەر ئىمپېرىيەسى»، «موغۇل ئىمپېرىيەسى» ⑥، «سەئىدىيە خانلىقى» ⑦ قاتارلىق موڭغۇللار ۋە موڭغۇل نەسلىدىكىلەر قۇرغان خانلىق، ئىمپېرىيەلەر قۇرۇلدى. 1252 - يىلى چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىلىرى قاراقۇرۇمدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ تولۇيخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۆڭگىخاننى موڭغۇل ئىمپېرىيەسىنىڭ ئىمپېراتورلۇقىغا كۆتەردى.

مۆڭگىخان تەختكە چىققاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆزىگە قارشى كۈچلەرنى تازىلاشقا كىرىشتى، يەنە بىر تەرەپتىن ئىنىسى ھىلاكۇخاننى 120 مىڭ كىشىلىك قوشۇنغا قوماندان قىلىپ، غەربتىكى «ئابباسىلار خەلىپىلىكى» نى بويسۇندۇرۇشقا بۇيرىدى.

شۇۋەجەدىن 1253 - يىلى قاراقۇرۇمدىن سەپ تارتىپ چىققان ھىلاكۇخان 1255 - يىلى ماۋرائۇننەھر رايونىدىكى سەمەرقەنتكە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇۋىسى چىڭگىزخان دەۋرىدە خۇراسانغا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن ئارغۇن بىلەن بۇخارا، خارازم، خوجەنت (ھازىرقى لېنىنئاباد شەھىرى)، شاش، پەرغانە، ئوترار، بالا ساغۇن، قەشقەر (قۇزئوردو)، خوتەن ۋە سەمەرقەنت قاتارلىق جايلارغا ھاكىملىققا تەيىنلەنگەن مەسئۇد بەگ (麻速忽都) نىڭ خىزمىتىنى

كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە قوشۇننى ئەرتىپكە سېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىر يىلچە تۇرىدۇ. 1256 - يىلى ھىلاكۇخان كاسپىي دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى مەۋلەھىدىلەر ئېلىگە يۈرۈش قىلىدۇ. موڭغۇل قوشۇنى بۇ خانلىق تەۋەسىگە كىرگەندىن كېيىن يول بويى قارشىلىق كۆرسەتكەنلەرنى قىرىپ، قالغانلارنى ئەسىر ئالىدۇ. «مەۋلەھىدىلەرنىڭ موڭغۇللارغا قارشى تۇرغان 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنىنى يوقىتىپ، 128 شەھەرنىڭ قەلئەسىنى بۇزۇپ تاشلاپ، پادىشاھ خورشاھنى ئەسىرگە ئالىدۇ. ھىلاكۇخان پادىشاھ پادىشاھنى ئۆز قولى بىلەن چېپىپ تاشلايدۇ.» ھىلاكۇخان مەۋلەھىدىلەرنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 37 پادىشاھى مۇستەسىمگە، چىڭگىزخاننىڭ نەۋرىسى ھىلاكۇخانغا ھېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەي خانلىق تەختىنى ئۆتكۈزۈپ بەردەپ ئەلچى ئەۋەتكەن. ئەلچىلەر مۇستەسىمنىڭ ئەل بولمايدىغانلىقى، بەلكى موڭغۇللارغا قارشى ئاخىرقى تىنىقىغىچە كۆرەش قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن ھىلاكۇخان 1257 - يىلى 97 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىگە يۈرۈش قىلىدۇ. ئەمما باغداتقا ھۇجۇم قىلماي، بۇ شەھەرنى 7 ئاي مۇھاسىرىگە ئېلىپ، خەلىپىلىككە ئەل بولۇش ئۈچۈن مۇھلەت بېرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا ۋەزىر باغداتنى ۋەيرانچىلىقتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بىر قىسىم ئەمەلدارلار مەسلىھەتلىشىپ، موڭغۇللار باغداتنى ئىگەللەشتىن ئىلگىرى ھىلاكۇخانغا «ئون مىڭ مىسقال ئالتۇن، يۈز ئات ... يۈز مىلتىق ئەۋەتىپ»⑧، موڭغۇللارنىڭ قايتىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

پادىشاھ (خەلىپە) مۇستەسىمۇ ھىلاكۇخانغا ئەلچىلەردىن «مەن مۆڭكىخان بىلەن دوست، خانغا بىزنىڭ بۇ تەرەپلەر لازىم ئەمەس سىز ئەمدى يانسىڭىز»⑨ دېگەن مەزمۇندا مەكتۇپ ئەۋەتىدۇ. ھىلاكۇخان بولسا كەلگەن ئەلچىلەرگە: «مەن شۇنچە ئۇزۇن يولنى بېسىپ كېلىپ، چوڭ بىر خەلىپىلىكنى كۆرمەي يانامدىم»⑩ دەيدۇ ھەمدە مۇھاسىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، باغدادقا دەرھال ھۇجۇم باشلايدۇ. «ھىلاكۇخان باغدادنى ئىشغال قىلىپ، ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىنىڭ 37 - خەلىپىسى مۇستەسىم ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ئاغزىغا ئالتۇن، كۈمۈشنى ئېرىتىپ قۇيۇپ ئۆلتۈردى. نەتىجىدە 522 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئاببىاسىلار خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت سەلتەنىتىنى ۋە سۆلەت ھەشەمەتلىرىنى خۇددى چاڭ - توزاڭدەك بىتچىت قىلدى. ئۇلارنىڭ مەخپىي - ئاشكارە مۈلۈك - خەزىنىلىرىگە، يۇرت - مەملىكەتلىرىگە ئىگە بولۇپ ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ھىلاكۇخان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېتى www.uyghurkitap.com

ئاببا سىلار ئەۋلادى قايسى جايدا بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ تامامەن يوق قىلدى. ئىلگىرى ئاببا سىلار خەلىپىلىكلىرى ئۆز خەلىپىلىكىدىكى بىر قانچە مىڭ ئاببا سىلارنى خەلىپىلىككە زىيان سالىدۇ ياكى خەلىپىلىك داۋاسى قىلىدۇ دېگەن باھانىلار بىلەن زىنداندا - تۈرمىلەرگە تاشلىغانىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ بىر مۇنچىسى زىندانلاردا تۇغۇلۇپ، شۇ جايدا ئۆسكەنىدى. ھىلاكۇخان ھەتتا ئۇلارنىڭمۇ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي يوق قىلدى.» ⑪ ھىلاكۇخان باغدادقا باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن نۇرغۇن كۆركەم بىنالارنى ۋە بىر قىسىم قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇزۇپ - چېقىپ، 80 مىڭ كىشىنى قىرغىن قىلغان.

ھىلاكۇخاننىڭ غەربىي ئاسىيادا كېڭەيمىچىلىك قىلىۋاتقان دەۋرى دەل ⑪ ئېگىپتتىن قۇرۇلغان مىسىر «مامۇرۇق سۇلتانلىقى» ⑫ نىڭ قۇدرەت تېپىۋاتقان دەۋرىگە توغرا كەلدى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىش زۆرۈركى، ھىلاكۇخان 1253 - يىلى قارا قۇرۇمدىن يولغا چىققاندا ئاببا سىلار خەلىپىلىكىنى بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئەمما خەلىپىلىك بويسۇندۇرۇلغاندىن كېيىن، ھىلاكۇخاندا قاھىرەنى پايتەخت قىلغان مامۇرۇق سۇلتانلىقىنىمۇ بويسۇندۇرۇش ئىستىكى تۇغۇلغان، لېكىن بۇ قېتىم ئۇ ئارزۇيىغا يېتەلمىگەن.

ھىلاكۇخان باغدادنى ئىگىلىگەندىن كېيىن (1258 - يىلى)، غەربكە يۈرۈش قىلىپ، سۇرىيە زېمىنى ئىچىدىكى فېئودال لىق تۇزۇمىدىكى كىچىك بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، دەمەشىققىچە باردى. مۇشۇ ۋاقىتتا مامۇرۇق سۇلتانلىقىنىڭ دائىرىسى ھازىرقى سۇرىيە، لىۋان، مىسىر، ئىئوردانىيە، پەلەستىن، لىۋىيە ۋە يەمەن قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

1259 - يىلى موڭغۇللار دەمەشىقتىن قاھىرەگە قاراپ ئاتلىنىپ ئايزارۇ دېگەن جايغا كەلگەندە مامۇرۇق سۇلتانلىقى قوشۇنىنىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن ھىلاكۇخان قوشۇنىنى باشلاپ تېبلىس شەھىرىگە چېكىنىدۇ ۋە مۇشۇ شەھەرنى پايتەخت قىلىپ، شەرقتە خۇراساندىن غەربتە سۇرىيىگىچە، شىمالدا ئامۇ دەريا بويلىرىدىن جەنۇبتا ئەرەبىستانغىچە بولغان رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالغان «ئېلخانىلار خانلىقى» نى قۇرىدۇ ⑬.

ئايزارۇ ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەتتىن كېيىن ھىلاكۇخان قايتا كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇشى قوزغاشقا پېتىنالمايدۇ. 1265 - يىلى 48 يېشىدا ئۆلىدۇ.

## ئىزاھلار:

① 1 – قېتىملىق غەربىي يۈرۈشكە چىڭگىزخان رەھبەرلىك قىلغان. بۇ قېتىم ئىدىقۇت خانلىقى (850 – 1218)، قارا خانىلار سۇلالىسى (856 – 1219)، قاراقىتان خانلىقى (1132 – 1218) ۋە خارەزم خانلىقى (1171 – 1221) بويسۇندۇرۇلغان.

② 2 – قېتىملىق غەربىي يۈرۈشكە باتۇخان، گۈيۈكخان ۋە مۆڭگىخان قاتارلىقلار رەھبەرلىك قىلغان. بۇ قېتىم «ئىدىل بۇلغار خانلىقى» (750 – 1400) بويسۇندۇرۇلغان. ھازىرقى پولشا، ۋېنگىرىيە، ئاۋستىرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ زېمىنلىرى ئىگىلەنگەن.

④ 1242 – يىلى ئىدىل دەرياسى بويىدىكى ساراي شەھرىنى پايتەخت قىلىپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى قۇرۇلغان. بۇ خانلىق 1388 – يىلى تۆمۈر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

③ بۇ يەردە كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا يەنى شەرقتە ھىنگان تاغلىرىدىن غەربتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئالتۇن تاغلىرىدىن جەنۇبتا كوئىنلۇن تاغلىرىغىچە بولغان دائىرە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

⑤ 1348 – يىلى تۇغلۇق تۆمۈر تەرىپىدىن ئالمالىقنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان خانلىق بولۇپ، 1514 – يىلى سەئىدخان تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

⑥ 1526 – يىلى بابۇر تەرىپىدىن كابۇلنى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان. 1764 – يىلى ئەنگلىيە تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان.

⑦ 1514 – يىلى سەئىدخان تەرىپىدىن يەركەننى پايتەخت قىلىپ قۇرۇلغان. 1682 – يىلى غالداننىڭ ياردىمى بىلەن ئاپپاق خوجا ئاغدۇرۇپ تاشلىغان.

⑧⑨⑩ موللا مىرسالىھ قەشقىرى: «چىڭگىز نامە».

⑪ موللامۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدىيە».

⑫ 1250 – يىلدىن 1517 – يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

⑬ «جۇڭگو قەدىمكى زامان تارىخى».

(ئاپتور: شىنجاڭ داشۆ تارىخ فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇغۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق
قەرەللىك ژۇرناللارنى تىزىملاش نومۇرى: 703